دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# ئەنگلىيىنىڭ پەخرى

# چېرچىل



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2


مەشھۇر دىپلومات — كىسسىنگېر 8 يۈەن

ئەدەبىيات پېشۋاسى — ھېمىڭۋاي 8 يۈەن

داڭدار پەيلاسوپ — نىچشې 8 يۈەن

ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل 8 يۈەن

فرانسىيىنىڭ غۇرۇرى — دې گول 8 يۈەن

گېرمانىيە خاقانى — ۋىلھېلم 8 يۈەن

ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى — ياكوكا 8 يۈەن

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى — گورباچيوف 8 يۈەن

ھىندىستانلىقلارنىڭ داھىيسى — گەندى 8 يۈەن

تالانتلىق ئالەم مۇتەخەسسىسى — فون بلاۋئېر 8 يۈەن


ISBN 978-7-228-05586-9
9 787228 055869 >
定价 : 80.00 元

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# ئەنگلىيىنىڭ پەخرى

# چېرچىل


ئاپتورى : جاڭ تيەنگاڭ ، لۇجۇنيى

تەرجىمە قىلغۇچى : ئازات ئالماس



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

英国中坚——丘吉尔：维吾尔文/张天罡、吕俊义编著；阿扎提译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3（2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.英… Ⅱ.①张… ②吕… ③阿… Ⅲ.海… 生平事迹－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76832号

---

**责任编辑** 艾克巴尔·艾力
**责任校对** 阿孜古丽、米丽古丽
**特约校对** 外里·在丁
**封面设计** 祖力喀尔装帧
**出版发行** 新疆人民出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**邮　　编** 830001
**电　　话** 0991 2827472
**印　　刷** 乌鲁木齐八家户彩印有限公司
**经　　销** 各地新华书店
**开　　本** 880×1230毫米 32开本
**印　　张** 5
**版　　次** 2000年3月第1版
**印　　次** 2009年4月第2次印刷
**印　　数** 4001 － 7000
**总 定 价** 80.00 元
**单　　价** 8.00 元

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版，1997年1月第1次印刷本翻译出版。

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

## ئەنگلىيىنىڭ پەخرى — چېرچىل

**ئاپتورى:** جاڭ تيەنگاڭ، لۇ جۇنيى
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئازات ئالماس
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** ئارزىگۈل كېرەم، مېھرىگۈل مۇھەممەد
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھەچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 ـ 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 5
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 - 7000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 05586 - 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئۈچ كاتتىۋاش»نىڭ بىرى بولغان چېرچىل دۇنيادىكى مەشھۇر بۇرژۇئازىيە سىياسىيونى، يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە دۆلەت ئىشلىرى ئەربابى، ئۇ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسەتكە، قەيسەر ئىرادىگە ۋە قەتئىي تەۋرەنمەس جاسارەتكە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىي ئىرادىلىكلىكى، باتۇرلۇقى، كەسكىنلىكى ۋە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان خىزمەت ئىقتىدارىغا تايىنىپ سىياسىي سەھنىلەردە سەلتەنەتلىك مۆۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئاجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

چېرچىلنىڭ ھاياتى تەۋەككۈلچىلىككە، ئەگرى ـ توقايلىققا ۋە تۇراقسىزلىققا تولغان ھايات، چېرچىلنىڭ ھاياتى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن ھايات، چېرچىلنىڭ ھاياتى مۆجىزە ياراتقان ھايات.

بىز مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى ئوقۇيدىغان بولساق كىشىلىك ھاياتقا تېخىمۇ ئاكتىپ، تېخىمۇ ئۈمىدلىك ھالدا توغرا مۇئامىلە قىلالايمىز. بىز ئۇلۇغ ئەربابلار بىلەن ئاددىي ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىيەتتە پەقەت بىرلا قەدەم مۇساپە بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئۇلۇغ ئەربابلار قەتئىي ئىرادىگە ئىگە، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىشقا، بەلگىلەنگەن نىشانغا يېتىش ئۈچۈن تۈنجى قەدەمنى تاشلاشقا جۈرئەتلىك، لېكىن ئاددىي ئادەملەر بولسا ئوبدان پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بەزى تەسىرلىك باھانە ـ سەۋەبلەرنى تېپىش ئارقىلىق ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ ئالدايدۇ.

قەدىرلىك دوستلار، سىلەر رىۋايەت تۈسىگە باي بۇ ھېكايىنى

ئوقۇپ ئۇلۇغ ئەرباب چېرچىلنى چۈشەنگەن ھەمدە ئۇنىڭدىن كىشىلىك ھاياتقا نىسبەتەن مەلۇم بىر خىل ئىلھامغا ئىگە بولغان بولساڭلار، مانا بۇ مۇئەللىپنىڭ ئەڭ زور ئارزۇ - تىلىكى بولۇپ قالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر تارقىتىش تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب كەپسىز ئۆسمۈر ........................1
1. مالبورو جەمەتىنىڭ ئاي - كۈنى توشماي تۇغۇلغان بالىسى ..........1
2. چۈشكۈن بالىلىق دەۋر ..................10
3. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «كەم ئەقىل بالا» .................................13
4. ئۇنتۇلماس خاروۋ .......................17
5. ھەربىي مەكتەپ ھاياتى ....................24
ئىككىنچى باب جۇشقۇن ياشلىق دەۋر ....................32
1. ئاتاق ئالغان رىتسار ......................32
2. ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدىكى ئاتلىق مۇخبىر .....................................40
3. كۆپ مەسئۇلىيەتلىك يازغۇچى ..............47
4. يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇش ................56
ئۈچىنچى باب سىياسىي مەقسەتكە يېتەلمەسلىك .........66
1. سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇش .........66
2. كىچىككەن مۇھەببەت .....................76
3. بەربات بولغان دېڭىز ئارمىيە چۈشى .....81
4. ئەڭ قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم .........88
تۆتىنچى باب 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى كاتتىۋاش ..........95
1. «ئۇمۇرتقىسى يوق دەۋر» .....................95
2. جىددىي پەيتتە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ...103
3. چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش .................................118

4. شانلىق دەقىقىلەر ........................131
بەشىنچى باب قەھرىمانىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى .............136
1. كىشىلەر قەلبىدىن ئۆچكەن باش
ۋەزىر ..........................................136
2. جىددىي ئىقىمدىن باتۇرلۇق بىلەن
چېكىنىش ..................................141
3. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ......................145
چېرچىل يىلنامىسى ........................151

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر بازىرى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب كەپسىز ئۆسمۈر

## 1. مالبورو جەمەتىنىڭ ئاي ـ كۈنى توشماي تۇغۇلغان بالىسى

مىلادىيە 1066 ـ يىلى فرانسىيىدىكى چوڭ فېئودال، نورماندىيە كىنەزى ۋىلىيام بۈيۈك بىرىتانىيە ئارالىرىنى بويسۇندۇرۇپ ئەنگلىيىنىڭ پادىشاھى بولدى. مانا بۇ مەشھۇر «نورمان ئىستېلاسى» ۋەقەسى، ۋىلىيامغا ئەگىشىپ ئەنگلىيىگە كىرگەنلەر كۆپ بولغىنى بىلەن، ئەمما كېيىنكى بىرقانچە يۈز يىل داۋامىدا كىنەز ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىدى. مالبورو جەمەتى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەسسىلەپ ئېتىبارغا ئېرىشكەن بىر ئەزاسى بولۇپ، ئۇنۋان ئېلىش رېتى بويىچە ئونىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مالبورونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەزى جون چېرچىل مۇشۇ ئۇرۇقنىڭ ئۇچىنچى ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى خان جەمەتى ئۇچۇن ئىشلەپ پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن، ئەمما بۇ جەمەتىنىڭ ھەقىقىي تۇردە مەنسەپ ـ ئابرۇيىنىڭ تېز ئۆسۈپ كاتتا ئىلتىپاتقا ئېرىشىشىدە يەنىلا جون چېرچىل مۇھىم رول ئوينىغان، ئۇ ئەينى چاغدا ئەنگلىيە خان جەمەتى ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پولكوۋنىكى ئىدى. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن 35 يېشىدىلا بارون ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەربىي يۈرۈشلەردە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، شۆھرەت قازىنىپ بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ گراف ئۇنۋانىغا ئېرىشىپلا

قالماستىن، بەلكى ئۇرۇش ئارقىلىق تالان ـ تاراج ھەمدە قورال ـ ياراغ سودىگەرلىرىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ نۇرغۇن پۇل توپلىدى، ھەربىيىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى جەمەتىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئايلاندۇردى. 1702 ـ يىلى جون چېرچىل مالبورونىڭ كىنەزلىكىگە ئېرىشتى. 1704 ـ يىلى ئۇ بىرونخېيمدا ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلىپ فرانسىيە ھەمدە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەنگلىيە پادىشاھى ئۇنى تارتۇقلاپ ناھايىتى كۆپ يەر ـ زېمىن، نۇرغۇن پۇل ئىنئام قىلدى. ئوپېراتسىيىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىرونخېيم سارىيىغا يېقىن جايغا كۆلىمى 15 مىڭ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان بىرونخېيم باغچىسىنى سالدۇردى. بىرونخېيم سارىيى تىپىك ياۋروپا پاسونىدا سېلىنغان بولۇپ، ئوردا ـ سارايلىرىنىڭ تورۇسلىرى گۈمبەز شەكىللىك، تام مەشلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا داڭلىق ماي بوياق رەسىملەر چۈشۈرۈلگەن، پۇتونلەي دېگۈدەك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەشەمەتچىلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئوردا مالبورو جەمەتىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ سىمۋولى، شۇنداقلا ئۆتكەن زامانىدىكى مالبورو جەمەتىدىن بولغان كىنەزلەر ۋارىسلىرىنىڭ تۇرالغۇسى.

يېقىنقى 300 يىل ۋاقىت خۇددى ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، يىللارنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرى بۇ قەدىمكى يادىكارلىقتا خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك قېلىپ قالدى، شۇڭا بىرونخېيم سارىيى تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان تالاي ـ تالاي ھېكايىلەر بارلىققا كەلگەن.

1874 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سىرتتا كەچكى مەيىن شامال ئاستا چىقىپ تۇرغان چاغ، بىرونخېيم سارىيىنىڭ چىرايلىق بېزەلگەن ئازادە زالىدا «كۆك دوناي ۋالىسى»نىڭ يېقىملىق مېلودىيىسى ياڭراۋاتاتتى. تانسا سەيناسىدا ئېسىلزادە ئەپەندى ـ خانىملار يېنىك پىرقىراپ ۋالىس ئويناۋاتاتتى،

www.uyghurkitap.com

شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر چوكان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى: چىراغ يورۇقىدا بۇ چوكاننىڭ چىرايى سەل تاتىرىڭغۇ كۆرۈنەتتى. دېڭىز سۈيىدەك كۆپكۆك كۆزلىرىدىن كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك بىر خىل قىزغىنلىق ۋە نازاكەتلىك بىلىنىپ تۇراتتى، قانداقتۇر بىر خۇشاللىق پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك سەل يىمىرىلگەن لەۋلىرىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قورسىقى رەسمىي تومپىيىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما لەرزان ۋالىس مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ پىر - پىر ئۇچۇۋاتقان كەڭ كۆپتۈرمە ئېتەكلىك تانسا كۆڭلىكى ئۇنىڭ تېنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، شۇ تاپتىكى پۈتۈن تۇرقى خۇددى بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلەپ تۇرغان يالقۇنغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇنىڭدىن كۆزنى ئۈزەلمەي قالغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ چوكان ئاستا - ئاستا لەيلەپ كېتىۋاتقان سايىغا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تانسىنىڭ خانىشىغا ئايلاندى. تانسا تازا ئەۋجىگە چىققاندا، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان بۇ چوكاننىڭ قورسىقى تۇساتتىن مۇجۇپ ئاغرىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ھەمراھلىرى ئۇنى يۆلىگىنىچە كىيىم يۆتكەش ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي بىر بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. پۈتكۈل برونخېيىم سارىيى زىلزىلىگە كېلىپ كەتكەندەك بولدى. ۋىنستون چېرچىل مانا مۇشۇنداق جۇشقۇن مۇزىكا ساداسى ۋە شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە دۇنياغا كەلدى. شۇ چاغدىكى مەنزىرە كېيىن چېرچىلنىڭ ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان ھاياتىنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالدى. تانسا سورۇنىدىكى بىر ئېسىلزادە خېنىم ھەيران بولغان ھالدا: «مەن كۆپ بالا تۇغدۇم، ھەممىسىنىڭلا ئاۋازى شۇنچىلىك چىڭ ئىدى. لېكىن، مۇنداق چىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىشىم تۇنجى قېتىم» دېدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، «تايمىس گېزىتى» جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلام دائىرىسىدىكىلەرنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە گېزىتنىڭ باش ئىستونىغا: «راندولف چېرچىل خانىم 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى برونخېيىم سارىيىدا ئاي - كۈنى

تۇشماستىنىلا بىر بوۋاق تەۋەللۇت قىلدى» دەپ قىسقا خەۋەر بەردى.

بوۋاقنىڭ چېچى قوڭۇر ئىدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇرنىنىڭ ئۇچى ئەجدادلىرىنىڭكىگە بەكلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ دادىسى لورد راندولف چېرچىل مالبورو جەمەتىنىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد كىنەزىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. ئەنگلىيە قانۇنى بويىچە ئۇنۋان ۋە يەر ـ مۈلكىگە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلاتتى، ئىككىنچى ۋە كىچىك ئوغۇللار بولسا پەقەت ھۆكۈمەت، ھەربىي ساھە ياكى مۇستەملىكىدىكى مەمۇرىي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قاتارلىق تەرەپلەردىلا ئۆز يولىنى تاپالايتتى. شۇڭا راندولفنىڭ مالبورو جەمەتىنىڭ ئۇنۋان ۋە يەر مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن راندولف چېرچىل ئاۋۋال ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ، كېيىن سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماقچى بولدى.

بۇ چاغدا مالبورو جەمەتى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى شان ـ شۆھرىتىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. 1922 ـ يىلى مالبورونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەزى سەكتە بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قولىدىن تازا ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەردىن چىقىپ قالدى. ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قېلىپ قالغان مىراسىنى بولۇشىغا بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئۆزىنىڭ جەمەتىگە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىرەر نەتىجە ۋە كىشىنى مەغرۇرلاندۇرىدىغان شان ـ شەرەپ كەلتۈرمىدى. راندولفتىن ئىبارەت بۇ ئەۋلادقا كەلگەندە، جەمەتنىڭ پۈتكۈل بايلىقى قۇرۇقدىلىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھال ـ كۈنىگە تەن بەرمەي، دۆلەتمەن ئائىللار بىلەن توي قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئوڭلىماقچى بولدى. مۇشۇنداق يامان يولغا باشلىغۇچى ۋىنستون چېرچىلنىڭ دادىسى راندولف چېرچىل ئىدى.

1873 ـ يىلى 24 ياشقا كىرگەن راندولف ئەنگلىيىدە

ساياھەتتە بولۇۋاتقان ئامېرىكىلىق مىليونېر گېروم ئائىلىسى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بۇ ئائىلىنىڭ گۈلدەك چىرايلىق قىزى جېنىنىغا بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالدى. جېنىنىنىڭ دادىسى گېروم ئامېرىكىدا ناھايىتى داڭلىق كاپىتالىست ئىدى. ئۇ تەنتەربىيە ۋە مۇزىكىغا قىزىقاتتى، سىياسىي ئىشلار بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئامېرىكىدا بولغىنى بىلەن، ئەمما ۋۇجۇدىدا ئىندىئان قېنى بار خوتۇنى بىلەن ئىككى قىزى كۆپ ۋاقتىنى ياۋروپادا ساياھەت قىلىپ ئۆتكۈزەتتى.

جېنى خانقىز ئات مىنىشنى، قارىغا ئېلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىگە ئۇستا ئىدى. شۇ چاغدا نيۇيورك، لوندون ۋە پارىژدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا جېنى قىزنىڭ ساھىبجامال دەپ نامى چىققانىدى. ئۇ كېلىشكەن راندولف بىلەن تونۇشۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ قالدى. لېكىن، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى تەس گەپ، برونخېيم سارىيىدا جېنى ناھايىتى تېزلا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، شوخ ھەم ياش بۇ كېلىننىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ برونخېيم سارىيىدىكى بارلىق ئاياللارنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك گۈزەل قەددى ـ قامىتى ئالدىدا سارايدىكى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ كۆركەمسىزلىكىدىن خىجىل بولۇشتى. ھەسەتخورلۇق ئوتى يەر يۈزىدىكى ئەڭ قاتتىق تاشنىمۇ كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىشى مۇمكىن، ئاخىر بۇ يېڭى ئەر ـ خوتۇنلار برونخېيم سارىيىدىن ئايرىلىپ، لوندوننىڭ بىر كوچىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

بۇ بەختلىك ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كىرىمى يېتەرلىك ئىدى، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار خاتىرجەم، كۆڭۈلدىكىدەك ماددىي تۇرمۇش كەچۈرەلەيتتى، ئەمما جېنى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، پۇلنى سۇدەك ئىشلىتىدىغان

ھەشەمەتچىلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. راندولف ئۆيىدە داستىخاننى مول سېلىپ، دوستلىرىنى ئوبدان كۈتۈۋېلىشنى ياخشى كۆرەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇ بەيگە مۇسابىقىسىگە قىزىقاتتى. ھەر كۈنى مۇسابىقىدە بىرمۇنچە پۇللارنى ئۇتتۇرۇۋېتەتتى. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ كىرىمى چىقىمىنى قامدىيالمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەنگلىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۇلارنى يەنىلا ئارىغا ئالدى. بۇ ئېھتىمال راندولفنىڭ خۇش پېئىل، مەرد، جېنىنىڭ ئاجايىپ بىر ئىجتىمائىي ئالاقە باغلاش قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئىچىدىكى شۆھرەت تاپقان مۆتىۋەرلەر دائىم ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتى، ئەينى چاغدىكى باش ۋەزىر دىسرېلى راندولف ئەر - خوتۇنلارنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى.

ۋىنستون چېرچىلنىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇ ئائىلىگە چەكسىز شادلىق بېغىشلىدى، لېكىن ئۇ ياش ئەر - خوتۇنلار ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، بالىسىنى بېقىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. بۇ ئەينى چاغدا ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ۋىنستوننىڭ نەزىرىدىكى ئانىسى ئەپسانىلەردىكى مەلىكە، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ھەقىقىي ئانىلارچە مېھرىبانلىقنى قالدۇرغان ئادەم تەربىيىچى ئايال — ئېۋېرېست خانىم ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ۋىنستون چېرچىل مەشھۇر سىياسىيونغا ئايلانغان چاغدىمۇ ئۆز ئىشخانىسىنىڭ تېمىغا ئاشۇ تەربىيىچىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىپ قويغانىدى.

لېكىن، تۆپە - تۆپىلەپ يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار بۇ كىچىك ئائىلىنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى بۇزۇۋەتتى. راندولفنىڭ ئاكىسى مالبورو كىنەزنىڭ ۋارىسى بولۇپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى، ئائىلىسى كۆڭۈللۈك ئىدى. ئەمما، ئۇ بىر گراف خانىمغا كۆيۈپ

قىلىپ، ئۇنىڭ كويىغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كەلگۈسىدىكى شاھزادە ۋېلىسنىڭ ئەشەددىي رەقىبىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىككىيلەن دۇئېلغا چىقىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. بۇ جېدەل ـ ماجىرادا راندولف باشتىن ـ ئاخىر ئاكىسى تەرەپتە تۇردى. بۇ ئىش شاھزادە ۋېلىسنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈردى. غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالمىغان ۋېلىس، «كىمكى راندولفنى قوبۇل قىلىدىكەن، شۇ كىشى باشقا ھەرقانداق ئائىلە بىلەن ھەرگىز بېرىش ـ كېلىش قىلمايدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئەنە ئاشۇنداق جەمئىيەتتە كىممۇ كەلگۈسىدە پادىشاھ بولىدىغان ئادەم بىلەن زىت يول تۇتسۇن؟

بۇ قىزىق ئىش راندولف ئۇچۇن ئېيتقاندا بالايىئاپەت ھەم تەقدىرىدىكى بىر بۇرۇلۇش ئىدى. شاھزادە ۋېلىسنىڭ غەزەپكە كېلىشى ئۇلارنى ئىجتىمائىي ئالاقە ساھەسىدىكى تاشلاندۇق بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى، لېكىن بۇ راندولفنىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، غەم ـ قايغۇسىز ئەيش ـ ئىشرەت قايىنىغان ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش رامكىسىدىن چىقىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولدى. لوندوننىڭ جىددىيلەشكەن كەيپىياتىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن راندولف ئائىلىسى ئىرلاندىيىنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەنگەن دادىسى بىلەن بىللە ئىرلاندىيىگە كېلىپ ئۈچ يىل تۇردى. راندولف ئۆزىنى ھەرگىزمۇ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئەۋلاد دەپ قارىماي، دەبدەبىلىك ئىشلارنى تەۋرىتىپ، شەپقەتسىز ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە ئۆزىنى يېڭىۋاشتىن بىر كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كاپىتالىزم ئامېرىكا بىلەن گېرمانىيىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى. شۇنىڭ بىلەن كونا ماركىلىق «قۇياش پاتمايدىغان ئىمپېرىيە»نىڭ ئورنى تۆۋەنلەشكە باشلىدى، شۇ چاغدىكى ئىشلار ناھايىتى تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ كېيىنكى

تەرەققىياتىغا بىر نىمە دېيىش تەس ئىدى. 1880 ـ يىلى ئەنگلىيىدىكى چوڭ سايلامدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى مەغلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرى دىسرېلى ئالەمدىن ئۆتتى، شۇنىڭ بىلەن سەركىسىز پادا ھالەت شەكىللەندى. بۇ چاغدا شان ـ شۆھرەت قازىنىش يولىدا سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن راندولف ئىرلاندىيىدىن ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلدى ۋە نۇتۇق سۆزلەش، ماقالە ـ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى ھەمدە پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ چوڭ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى. «پارتىيە ئىچىدە تالانتلىق كىشىلەر ناھايىتى جىق، ـــ دەيدۇ راندولف، ـــ لېكىن، ئامما يۈزلىنەلەيدىغان ھەمدە كەڭ ئىشچىلار سىنىپىنى قانداق يېتەكلەپ مېڭىشنى بىلىدىغان رەھبەرنى تاللاپ چىقىش تەس.» راندولفنىڭ سۆز ئۇرانىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىمۇ شۇنداق بىر شەخس بولۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبىرى بولۇش كويىدىلا قالغانىدى، چۈنكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى چوڭ سايلامدا غەلىبە قىلىدىغان بولسىلا، ئۇ ئۆزى ئويلىغاندەك باش ۋەزىر بولاتتى.

راندولف بۇ سىياسىي قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەرياققا چېپىپ پەرياد چېكىپ، ياغلىما ئېغىزىنى بولۇشىغا ئىشقا سېلىپ، كۆپلىگەن سايلىغۇچىلارنى تەسىرلەندۈردى. 1885 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت سايلىمىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى غەلىبە قىلدى. مەزكۇر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. 35 ياشقا كىرگەن راندولف چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ ئىككىنچى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تومۇرى بولغان مالىيە ۋەزىرلىكىنى قولغا ئالدى ۋە تۆۋەن پالاتانىڭ رەھبىرى بولدى. بۇنىڭدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن راندولف بىر دوستىغا: «مەن

www.uyghurkitap.com

كەلگۈسىدە بەش يىل ئۆكتىچىلەر پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى، ئاندىن بەش يىل باش ۋەزىر بولۇپ، ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق» دېگەن. ئەينى چاغدا كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئالدىرىغان ئۇلۇغ ياش» دېگەن. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى ۋىنستونمۇ بۇ لەقەمگە ئېرىشتى.

راندولفنىڭ ھوقۇق تۇتۇش ئارزۇسى ناھايىتى چوڭ بولغىنى بىلەن، قىلچە سەۋر ـ تاقىتى يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى مالىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ چەكلەپ قويۇشىنى خالىمايتتى. 1886 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇ ھەربىي خىراجەتنى قىسىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى قارشى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش ئارقىلىق باش ۋەزىرگە پوپوزا قىلدى. ئۇ كۆڭلىدە: «ھۆكۈمەتتە مەن بولمىسام ئىش ئاقمايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، بۇ قېتىم چوتنى خاتا سوقتى، بەش ئاي مالىيە ۋەزىرى بولغان راندولف يەنە چەتتە قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى ئېيتقاندەك: «راندولفنىڭ ئۆزى شوتا ئۇستىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىش ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ قالدى.» راندولف چېرچىلنىڭ سىياسىي ھاياتى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاخىرلاشتى.

سىياسىي شەخسلەر ئارىسىدا بەزىدە ھوقۇق ھاياتىدىنمۇ مۇھىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھوقۇق قولىدىن كېتىپ قالسا ئۇلارنىڭ ھايات ئوتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ خىرەلىشىدۇ ياكى ئۆچۈپ كېتىدۇ. راندولف سىياسىي مۇردا بولۇشقا تەن بەرمىسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا ماجالى يەتمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە 1882 ـ يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى تېز ياماnlىشىپ كەتتى. ئاخىرقى كۈنلەردە سالامەتلىكى بىر ئاز ياخشىلانغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما شامى كۆيۈپ ئۆچەيلا دەپ قالدى.

## 2. چۈشكۈن باللىق دەۋر

بىر دانىشمەن: سەن باللارنىڭ ھاياتىنى بىلسەڭ تۇمان ئاستىدىكى دۇنيانى كۆرەلەيسەن، ئۇچۇپ يۈرگەن تۇمانغا ئوخشاش ئاسمان جىسىملىرىنى، روياپقا چىقمىغان ئالەمنى كۆرەلەيسەن، باللارنىڭ ھاياتى چەكسىز، بۇ ھايات سىنىڭ ئىدراك قىلالايدىغان بارلىقىڭ، دېگەنىكەن. دەسلەپكى چېرچىلدىن ئۇنىڭ كەلگۈسى ئەھۋالىنى كىم بىلەلىگەن؟ بەزىلەر باللىق چاغلار چۈش، بەلكى ئالتۇن چۈش، دەيدۇ. ئەمما، چېرچىلنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى چۈش غەمكىن چۈش بولدى. باللىق چاغلىرىدا چېرچىل قىن ـ قىنىغا پاتمايدىغان، زېھنىي قۇۋۋىتى زىيادە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تولىمۇ شوخ، كەپسىز بالا ئىدى. ئۇنىڭ تۇرقى ئىسكەتسىز، سۆزلىگەندە گەپلىرى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، بىر ئاز كېكەچلەيتتى. لېكىن، گەپ قىلىشنى يېڭىلا ئۆگەنگەن چېرچىل دائىم كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى.

ئۇ ئىككى ياشقىچە لوندوندا تۇردى، كېيىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىرلاندىيىنىڭ دۇبلىن شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل بۇ يەردە ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدىكى ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدە: ئۇلارنىڭ ئائىلىسى باش ۋالىي سارىيىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك بىر كەنتتە تۇراتتى. باش ۋالىي ۋىنستون چېرچىلنىڭ بوۋىسى ئىدى.

ئۇ چاغدا ئىرلاندىيە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى، يەرلىك خەلقلەر مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدا مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشۇپ، بومبا كۆمۈپ تىياتىرخانىلارنى پارتلىتىپ، مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى كىچىك چېرچىل بىر ئېشەككە مىنىپ ئويناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىن قارا

چاپان كىيگەن بىر توپ ئادەم ئۆرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ دېگۇدەك يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ چاغدا كىچىك چېرچىلنىڭ كاللىسىغا تەربىيىچىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ۋەھىمىلىك ھېكايىلىرى كېلىۋېلىپ، بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە قالدى، نېمىشقىدۇر، ئېشەكمۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى، كىچىك چېرچىل «گۇپلا» قىلىپ يەرگە يىقىلىپ، مېڭىسى قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى، شۇ كۈنى بۇ بىر توپ ئادەملەر شۇ ئەتراپتىكى ئورمانلىق ئىچىدە باش ۋالىي مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چېرچىل ئىچىدە: «ھېلىمۇ ياخشى، ئېشەكتىن يىقىلىپ ئوبدان قىپتىكەنمەن، بولمىسا ئۇلار مېنى كۆرۈپ قېلىپ بىرلا نەيزە بىلەن جەھەننەمگە يوللىۋېتەرىكەن»، دەپ ئويلىدى.

بۇ ئىش ئۇنىڭ سەبىي كۆڭلىگە قارا سايە تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بىر پارچە زېمىنغا ئۇنىڭ مۇھەببىتى تولۇپ تاشقاندى. بولۇپمۇ يېزا ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان بۇككىدە ئۆسكەن دەرەخلەر گۈدەك چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا سىرلىق «قويۇق ئورمانلىق» ئىدى. ئۇنىڭ ھاۋاسى ساپ، نەمخۇش بولۇپ، گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇ ئەركىن ھالدا پاقا، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ئويناپ كۆڭۈل ئاچاتتى، قۇشلارنى دوراپ ئۇنلۇك «سايراپ» كېتەتتى. كىچىك چېرچىل بەئەينى ئۇچ ئارمىيىنىڭ قوماندانىغا ئوخشاش دوستلىرىنى ئەسكەرلەر قاتارىدا ئىككى تەرەپكە بۆلەتتى. ئۇنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرگەن، «ئۇر، چاپ» دېگەن ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئېلىپ، پۈتكۈل «قويۇق ئورمانلىق»نى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋېتەتتى. كىچىك چېرچىل پۈتكۈل ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر قېتىم ھەممىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتەتتى. بىر ـ بىرىنى جەڭگە چاقىرىدىغان بۇنداق ئويۇن ئۇلارنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا چېرچىل ياپيېشىل چىملىق ئۈستىدە يېتىپ، غۇر ـ غۇر سىلكىن شامال ئوتتەك قىزىق مەڭزىنى سۆيۈپ

ئۆتكەندە ئېيتقۇسىز بىر خۇشلۇققا چۆمۈپ، بەكلا راھەتلىنىپ كېتەتتى.

چېرچىلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىشەلمەيتتى. ئۇلار ياش بولغاچقا ئەركىن يۈرەتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئات فورمىسىنى كىيىپ، جەسۇرانە ھالدا ئارغىماققا مىنەتتى ۋە سىرتلارغا شىكارغا چىقىپ قايتىپ كەلمەيتتى. چېرچىلنىڭ نەزىرىدە ئاپىسى يەنىلا ھېكايىلەردە تەسۋىرلىنىدىغان، ھەممە ھۆرمەتلەيدىغان ئايال پادىشاھ ئىدى. ئاپىسى جېنىنى ئۆزىنى ئوغلىدىن ناھايىتى يىراق تۇتاتتى. كىچىك چېرچىل تۇغۇلۇپ تاكى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرلىرىگىچە ھەر قېتىم بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئاپىسى ئەمەس، يەنىلا تەربىيىچىسى ئېۋېرېست خانىم تەسەللى بېرەتتى.

ئېۋېرېست خانىم چېرچىلنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، خانىمنىڭ بەزى نەرسىلەرگە بولغان مۇھەببەت ـ نەپرىتى كىچىك چېرچىلنىڭمۇ مۇھەببەت ـ نەپرىتىگە ئايلانغانىدى. ئېۋېرېست كاندې ئوبلاستىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيە دۇنيانىڭ تاجى، كاندې ئوبلاستى بولسا ئەنگلىيىنىڭ تاجى دەپ قارايتتى، دېمىسىمۇ كاندې ئوبلاستى ياۋا بۆلدۈرگەن، شاپتۇل ۋە گىلاس قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدىغان، گۈزەل مەنزىرىسى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلاپ كېيىنى چاغ قىلىدىغان ئېسىل جاي ئىدى. خانىم چېرچىلغا دائىم كاندې ئوبلاستى ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئاخىر كاندېغا بېرىپ تۇرۇش چېرچىلنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قالدى. (كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە چېرچىل ھەقىقەتەن كاندې ئوبلاستىدا تۇردى).

1880 ـ يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى سايلامدا مەغلۇپ بولدى، شۇنداق قىلىپ، چېرچىلنىڭ بوۋىسى ئىرلاندىيىنىڭ باش ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئوغلى بىلەن بىللە لوندونغا قايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى «كەم ئەقىل بالا»

چېرچىل يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ياتاق ئۆيى بەئەينى راستتەك ياسالغان پاراۋوز، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان پروپېكسىيە ئاپپاراتى ھەمدە نۇرغۇن ئويۇنچۇق ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما، چېرچىل بۇ ئويۇنچۇقلارنى ئويناشتىن توختاپ مەكتەپكە كىرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، مەكتەپتە ئوقۇش ئۇنىڭغا خۇددى بالىلىق مىجەزىنى بوغۇپ قويىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە مەكتەپتە ئوقۇش جاپالىق ئىش ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مەكتەپتە ئوقۇش ئىنسان بالىسىنىڭ ھاياتىدىكى بىر بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ، ئەقەللىيسى ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئايرىلىپ، مۇئەللىمنىڭ تەربىيىسىدە بولىدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن يېڭى ھەمراھلار بىلەن تونۇشۇۋالغىلى بولىدۇ. شۇلارنى ئويلاپ چېرچىلدا ئوقۇشقا نىسبەتەن ئاجايىپ بىر قىزىقىش پەيدا بولدى. مەيلى ھاياجانلانسۇن ياكى قورقسۇن، چېرچىل ئۈچۈن مەكتەپتە ئوقۇشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

تىزىمغا ئالدۇرۇش كۈنىگە ئاز قالدى، تۇرمۇش تەجرىبىسى بولمىغان ۋىنستون چېرچىل ئۆزىگە 14 جۈپ پايپاق ئالدۇردى، بۇنى كۆرۈپ ئېۋېرېست خانىمنىڭ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئاپىسى ئۈچ چاقلىق پەيتۇن بىلەن ئوغلى ۋىنستون چېرچىلنى ۋوگزالغا ئاپىرىپ قويىدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈچ يېرىم كۇمۇش تەڭگە بەردى. خۇشاللىقىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەن چېرچىل تەڭگىلەرنى ۋاگونغا چۇشۇرۇپ قويىدى. ئۇ يول بويى ئىزدەپ تەڭگىلەرنى مىڭ تەستە تاپتى.

ئاسكوت ئاقسۆڭەك پەرزەنتلەر مەكتىپى ئەنگلىيىدىكى ئوقۇش پۇلى ئەڭ قىممەت بولغان ئالدىنقى قاتاردىكى مەكتەپ

ئىدى. مەشھۇر ئېتون مەكتىپىنى ئۈلگە قىلاتتى. ھەربىر سىنىپتا پەقەت ئونلا ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئىلغار يورۇتۇش ئۈسكۈنىسى لامپۇچكا ئىشلىتىلەتتى. مەكتەپ ئىچىدە سۇ ئۈزۈش كۆلى، پۇتبول مەيدانى ۋە چەۋگان توپ مەيدانى قاتارلىق تەنتەربىيە سورۇنلىرى بار بولۇپ، ئەسلىھەلىرىنى تولۇق دېيىشكە بولاتتى. مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسى ئاسپىرانت بولۇپ، چاسا شەكىللىك شىلەپە، ئۇزۇن نىمچە كىيىپ ناھايىتى روھلۇق يۈرەتتى. مەكتەپ سىرتتىن ھېچقانداق نەرسە ئەكىرىشكە رۇخسەت قىلمايتتى. كىرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى مەكتەپ تەمىنلەيتتى. شۇ چاغدىكى كىشىلەر مەكتەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ بۇنچىلىك قاتتىقلىقىدىن ھەيران قالاتتى.

كۈزنىڭ بىر كۈنى شارقىراپ ياغقان ئوتكۈنچى يامغۇردا يۇيۇنۇپ تېخىمۇ پاپپېشىل بولۇپ كەتكەن دەل ـ دەرەخلەر قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. گۈل ـ گىياھلارنىڭ خۇش پۇرىقى، سالقىن ھاۋا كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. دەرەخ شېخىدا ئويناپ يۈرگەن بىر قۇشقاچ ئەركىن ھەم ئۆزگىرىشچان مېلودىيىلىك ئاۋازى بىلەن كىشىنى ھاياجانغا سېلىپ شوخ سايراۋاتاتتى. سىنىپتا ۋىنستون بىلەن مۇئەللىم ئىككىسىلا بار ئىدى، بىر چاغدا مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر كىتابنى مۇنداقلا ئالدى ـ دە:

ـــ سەن تېخىچىلا لاتىن تىلىنى ئۆگىنىپ بولمىدىڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ئۆگىنىپ بولالمىدىم، ئەپەندى، ـــ دېدى ۋىنستون قورۇنغان ھالدا.

مۇئەللىم قولىدىكى كىتابنى ۋاراقلاپ بىر قۇر خەتنى ئوقۇدى ۋە ۋىنستونغا:

ـــ مانا بۇ سەن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر، ساڭا يېرىم سائەت ۋاقىت بېرەي، يادلىغىن، سەل تۇرۇپ قانچىلىك يادلىدىڭ، كېلىپ تەكشۈرىمەن، ـــ دېدى.

www.uyghurkitap.com

يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇئەللىم قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

ــ يادلاپ بولدۇڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ۋىنستون جىددىيلىشىپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆكۈپ كەتسىمۇ، لېكىن ھەممىنى تولۇق يادلاپ بەردى. مۇئەللىم كۆزلىرىنى قىسىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ۋىنستون يادلىغان نەرسىلىرىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى، ئاخىر ئۇ يۈرەكلىك ھالدا مۇئەللىمدىن سورىدى:

ــ بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟

ــ بۇ، ئۇستەلغۇ. دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ــ ئەمىسە، ئۇستەلغۇ دېگەن نېمە گەپ؟ ــ دەپ سورىدى ۋىنستون.

مۇئەللىم تىت ـ تىت بولغان ھالدا:

ــ سەن ئۇستەل بىلەن سۆزلىشىسەن، ئۇ ئۇستەلنى چاقىرىپ چىققاندا «ئۇستەلغۇ» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىسەن، ــ دېدى.

مۇئەللىمنىڭ سۆزىدىن ھەيران قالغان ۋىنستون:

ــ مەن ئەزەلدىن ئۇستەل بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغان! ــ دېدى. بۇ چاغدا مۇئەللىمنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكىرىپ، كۆزلىرى ۋىنستونغا مىختەك قادىلىپ، بىر ھازاغىچە زۇۋانى چىقماي قالدى، ئاخىر ئۇ ئۇستەلنى قاتتىق ئۇرۇپ:

ــ سەن... سەن مۇئەللىمگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدىڭ، سەن چوقۇم جازالىنىسەن! ــ دېدى ۋارقىراپ.

ۋىنستون چېرچىل مۇئەللىمنىڭ «جازالىنىسەن» دېگىنىنىڭ قامچا يەيسەن دېگەن گەپ ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدى. دېمىسىمۇ بۇ مەكتەپنىڭ تەن جازاسى باشقا مەكتەپلەرنىڭكىدىن قاتتىق ئىدى. ئايدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلارنى كۇتۇپخانىغا يىغىپ، خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، مەكتەپ مۇدىرى قامچا بىلەن

ئوقۇغۇچىنىڭ بەدىنىدىن قان چىققۇچە ئۇراتتى. باشقا ئوقۇغۇچىلار قامچا يەۋاتقان ساۋاقدىشىنىڭ ئىچىنىشلىق نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ، قورقۇنچ ئىچىدە لاغىلداپ تىترەپ كېتەتتى.

چېرچىل توققۇز يېرىم ياشقا كىرگەندە، دادىسى ئۇنىڭغا ستېۋېنسون يازغان تەۋەككۈلچىلىك تەسۋىرلىنىدىغان «گۆھەر ئارال» (ترېئاسۇرى ئارىلى) دېگەن رومانىنى بەردى. كىچىك چېرچىل رومانىنى بەكلا قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتى. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئەگرى ـ توقاي، كىشىنى چۆچۈتىدىغان ۋەقەلىكلەر ئۇنى كېچىچە ئۇخلاتمىدى، شۇنداق قىلىپ، گۆدەك چېرچىلنىڭ قەلبىگە تەۋەككۈلچىلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇرۇق چېچىلدى. چېرچىلنىڭ كېيىنكى تەۋەككۈلچىلىك ھاياتى بۇ كىتاب بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇ چاغدا چېرچىلنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلىرى ئۇنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيتتى. ئوقۇش نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئارقىدا ئىدى. ئۇ ئون نەچچە يىل ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن لاتىن تىلىنى تۇزۇك ئۆگىنەلمىدى، ھەتتا بۇ تىلدا بىر مىسرا شېئىرمۇ يازالمىدى، گرېك تىلىنىڭ ھەرپىنىلا ئۆگىنەلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە ئىگىلىيەلمىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، «چېرچىلنى زادىلا تۈزىگىلى بولمايدىغان» ئەسكى ئوقۇغۇچىغا چىقاردى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى تۆگەتكەنلىكىنى، مۇئەللىملىرىنىڭمۇ ئىغىزىنى يەتكۈچە ئۇپراتقانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىپ، ئائىلىسىدە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئويۇنچۇقلار دۇنياسىغا قايتىشنى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان جەڭ ئويۇنى ئويناشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى.

لېكىن، كېيىن چېرچىل تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەگەر باشتا مېنى خۇشۇم يوق يېزىقچىلىق ۋە ماقالىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئەمەس، ئۆزۈم قىزىقىدىغان تارىخ ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ، قەدىمىي دۇنياغا باشلىغان بولسا، ئۆزۈمنى راسا كۆرسەتكەن بولاتتىمغۇ، دەپ قارايدۇ.

## 4. ئۇنتۇلماس خارۇۋ

چېرچىل تۈزۈمى قاتتىق مەكتەپتە ئىچى سىقىلىپ ئۈچ يىلنى تەستە ئۆتكۈزدى، سالامەتلىكىنىمۇ ناچارلاپ كەتتى. 1883 ـ يىلى دوختۇرنىڭ تەكلىپى بويىچە برىگتوندىكى تەييارلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئېغىر ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يېڭى ھاۋا تىنىچ مۇھىتتا ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىپ كەتتى. بۇ مەكتەپنىڭ تۈزۈمى ئۇنچىلىك قاتتىق ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن دەرسلەرنى تاللاپ ئوقۇيتتى. بۇ چېرچىلغا ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت بولدى. ئۇ تارىخ، ئىنگلىز تىلى، ناخشا قاتارلىق دەرسلەرنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئات مىنىش، سۇ ئۈزۈشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل برىگتون تەييارلىق مەكتىپىدە ئۈچ يىلنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە چېرچىل ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە داۋاملىق ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن ئاساس تىكلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ياتاقلىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى، بۇ ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. چېرچىل تەقسىمات بويىچە ئېتون مەكتىپىگە بېرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ خارۇۋغا باردى. خارۇۋنىڭ تاغلىق ھاۋاسى چېرچىلنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەن تېنىگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ كەپسىز، بەڭۋاشلىقىدىن ئېتوننىڭ تەلىپىگە لايىق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى بۇ مەكتەپكە كىرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئۆسمۈرلۈك ئەڭ گۈزەل چاغلار بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما،

12 ياشلىق چېرچىلنى قاتتىق ئىمتىھان كۈتۈۋالدى. ئىمتىھان ئالدىدا چېرچىل خۇددى تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك قورقۇنچ ئىچىدە قالدى. چۈنكى، مۇئەللىم، ئىمتىھان ئالدىغان دەرسلەرنىڭ بىرى بىلەنمۇ ئۇنىڭ خۇشى يوق ئىدى. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تارىخ، ئىنگلىز تىلى ۋە ناخشا دەرسلىرىدىن مۇئەللىم ئىمتىھان ئالمايتتى. بۇنداق مۇشكۈل ئەھۋال خاروۋ مەكتىپىگە كىرىش ئىمتىھانىدا ناھايىتى تېزلا كۆرۈلدى. لاتىنچە ماقالە يېزىش ئىمتىھانىدا چېرچىل قاتتىق باش قاتۇرغان بولسىمۇ ھېچنېمە يازالماي، ئىمتىھان قەغىزىگە ئىسمىنى تىركەپ، غەلىتە بىر شەكىلدىكى ھەرپنى يېزىپلا قويدى. ئاندىن ئىككى سائەتكىچە مۇئەللىمگە ئۆچلۈكى كېلىپ ئولتۇردى. ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرىدىغانغا ئاز قالغاندا، ئۇ بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتتى ــ دە، ھېلىقى غەلىتە شەكىللىك ھەرپنى تىرناق ئىچىگە ئېلىپ، قارا سىياھ بىلەن ئۆچۈرۈۋەتتى، ئەمما ئېھتىياتسىزلىقتىن قارا سىياھ چاچراپ كېتىپ، پۈتۈن ئىمتىھان قەغىزىدە خۇددى ئۇشقىرتقان ئاۋاز چىقىرىپ، قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر گراناتنىڭ رەسمى پەيدا بولدى. بۇ چېرچىلنىڭ «تۇنجى ئەسىرى» ئىدى. ئىمتىھاندا نەتىجىسىنىڭ ئېچىنىشلىق بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. مۇبادا ئوقۇغۇچىلار ئالغان نەتىجىسى بويىچە رەتكە تىزىلىدىغان بولسا، چېرچىلنىڭ ھەسرەت چېكىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، مەكتەپ مۇدىرى راندولفنىڭ نام ــ ئابرۇيىنى بىلگەچكە، ئۇنى مەكتەپكە قوبۇل قىلدى. چېرچىل مەكتەپنىڭ شۇ يىللىقلار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك، نەتىجىسى ھەممىدىن ناچار بىر سىنىپقا بۆلۈندى.

مەكتەپ يوقلىما قىلغاندا چېرچىل ئىلگىرى ــ كېيىن رەسۋا بولدى. خاروۋدا ئوقۇغۇچىلار نەتىجىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلاتتى، كىمنىڭ ئىسمى چىقسا، شۇ ئوقۇغۇچى «بار» دەپ جاۋاب بېرىپ، مۇئەللىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. شۇڭا، ئىسمى

ئەڭ ئاخىرىدا چىققان چېرچىل ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئەڭ تۆۋەن يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چېرچىلنىڭ شۇ مەزگىللەردە ئىشى ئوڭغا تارتىپ قالدى. سەۋەب، نەتىجىسى ياخشى ئوقۇغۇچىلار لاتىن تىلى بىلەن گرېك تىلىنى تاللىدى. چېرچىل باشقىلار تەرىپىدىن پەقەت ئىنگلىز تىلىنىلا ئۆگىنەلەيدىغان «كەم ئەقىل بالا» دەپ قارالدى، مىجەزى ئوچۇق، خېلى قابىلىيەتلىك بىر مۇئەللىم باشقىلار كەمسىتىدىغان ئىنگلىز تىلىدا ماقالە يېزىش دەرسىنى ئۆزى تەلەپكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. بۇ مۇئەللىمنىڭ ئوقۇتۇش مېتودى ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، چېرچىل ئۇنى بەكلا ياقتۇرۇپ قالدى. شۇ مەزگىللەردە چېرچىلنىڭ ئانا تىلىدا ئۆز مەقسىتىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، ئىنگلىزچە ماقالىلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلمىسىنى ھەرھالدا تولۇق ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا ئىنگلىزچە ماقالە يېزىشنى ئۈچ يىل ئارتۇق ئۆگەندى. مانا بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئىنگلىزچە ئەسەر يېزىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى.

ئەمما، چېرچىلنىڭ خاروۋدىكى ئاساسلىق دەرس كلاسسىك تىل نەتىجىسى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. ئەسلىي ئۇنىڭ بۇنداق دەرسلەرنى ئوقۇش ئارزۇسى ۋە ئىقتىدارى بولمىغاچقا ئوقۇشنى تۈزۈك ئوقۇيالمىدى. كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىنمۇ مەھرۇم قالدى. مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرى ئۇنى كەپسىز، كەم ئەقىل، شوخلۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق، دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، چېرچىل ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىۋالاتتى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىمۇ كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىدى. بىر قېتىم مەكتەپ مۇدىرى كۆپچىلىك ئالدىدا چېرچىلغا تەنبىھ بېرىپ:

ــ ۋىنستون، مەن سېنىڭدىن رازى ئەمەس، بۇنىڭغا تولۇق ئاساسىم بار، ــ دېدى.

چېرچىلمۇ دەرھال:

ــ مەنمۇ، ئەپەندى، سىزدىن رازى ئەمەس، بۇنىڭغا مېنىڭمۇ تولۇق ئاساسىم بار، ــ دېدى.

ــ نېمە دېدىڭ؟ سەن مېنىڭدىن رازى ئەمەس؟ نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دەيسەن؟ قارا سېنى، گېپىمگە قايىل بولمايۋاتىسىنا، مۇبادا سەن ماڭا ئىككى كۆپلېت شېئىر يادلاپ بېرىدىغان بولساڭ، سېنى جازالىمايمەن.

تۆۋەن يىللىقنى بىرقانچە يىل تېكىرقاپ ئۆتكۈزگەن چېرچىل ئاخىر مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا تارىخچى ماكاۋلاي يازغان «قەدىمكى دەۋردىكى رىمنىڭ تۆھپىسى» دېگەن كىتابنىڭ 1200 مىسراسىنى تولۇق يادلاپ بەردى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزى بىلەن قۇلاقلىرىغا، ئالدىدا تۇرغىنى ۋىنستون چېرچىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

چېرچىل دەسلەپ خاروۋغا بارغاندا چاتاق تېرىيدىغان «تالانت»نى نامايان قىلدى. مەكتەپتە ئازادە سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بولۇپ، خۇددى يىلان باغرى ئېقىۋاتقان دەرياغا ئوخشايتتى، سۈيى مەيىن دولقۇنلىنىپ، سۇزۇكلۇكىدىن كىشىلەرنىڭ شولىسى كۆرۈنەتتى. چېرچىل سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە ھۇزۇرلىنىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۈزەتتى. ھېرىپ كەتكەندە كۆلچەكنىڭ بويىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۆزىنى ئىللىق قۇياش نۇرىغا سالاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولاتتى ۋە باشقىلارنى ئەخمەق قىلغۇسى كېلەتتى ـ دە، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارقىسىغا تۇيدۇرماي كېلىپ قارشى تەرەپنى سۇغا ئىتتىرىۋېتەتتى.

بىر قېتىم چېرچىل ئورۇق كەلگەن بىر ئۆسمۈر بالىنىڭ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى بويىدا يالغۇز ئولتۇرغانلىقىنى يىراقتىن

كۆرۈپ قالدى. ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىپ ئۇنى سۇغا ئىتتىرىۋەتتى، قىلغان ئىشىدىن تازا خۇشال بولۇپ تۇرغاندا، ئۆسمۈر بالىنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ خېلى چىنىققان تەنھەرىكەتچىدەك سۇدا راۋرۇس ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى ــ دە، «ھىم، بالاغا قالدىمۇ ــ نېمە؟» دەپلا بەدەر تىكىۋەتتى. لېكىن، ھېلىقى ئۆسمۈر شاققىدە قىرغاققا چىقىپ قوغلاپ چېرچىلنى تۇتۇۋالدى ۋە قۇرۇق تاغارنى كۆتۈرگەندەك بېلىدىن قاماللاپ «پولتۇڭگىدە» قىلىپ سۇغا تاشلىۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، چېرچىل سۇ ئۈزۈشنى بىلەتتى. ئۇ بىر ئامال قىلىپ قىرغاققا چىقىۋالدى. ئادەتتە بوزەك بولۇپ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرالمايدىغان بىر توپ ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:

— ۋىنستون، سېنىڭمۇ بوزەك بولىدىغان كۈنىڭ بولىدىكەن ــ ھە؟ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانسەن، ئۇ دېگەن پۇتبول كاماندىسىنىڭ باشلىقى ئامېرى، يەنە تېخى چىنىقىش ئۆيىنىڭ چېمپىيونى تۇرسا، — دېيىشتى.

پۈتۈن بەدىنى چىلىق ــ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن چېرچىل لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا تېخى ئاچچىقى يانمىغان ئامېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— كەچۈرگىن! ساڭا مۇنداق قىلمىسام بولاتتى، كۆزۈمگە پاكار، ۋىجىك كۆرۈنۈپ كەتسەڭ، بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقدىشىم ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، — دەپ يېلىندى.

ئامېرى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن چېرچىل ئەپچىل بىر گەپنى ئويلاپ تاپتى ــ دە:

— مېنىڭ دادام راندولف كاتتا ئەرباب، ئەمما بويى بەكلا پاكار، — دېدى. شۇندىلا ئامېرىنىڭ چىرايى سەل ئېچىلغاندەك بولدى. ئاندىن ئۇ:

ۋىنستون، دىققەت قىل، ئەمدى خەقلەرنى بوزەك قىلغىنىڭنى

كۆرۈپ قالماي، ـــ دېدى.

چېرچىلنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېشىنى قاتۇردى. راندولفنىڭ نەزىرىدە ئوغلى كەپسىز، نەتىجىسى ياخشى ئەمەس، ئىنتىزامى ناچار ئىدى، مۇشۇنداق بىر كېرەكسىز ماتېرىيال قانۇن ئۆگەنسە قەتئىي بولمايتتى، خوش، قانۇن ئۆگەنمىسە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇ چاغدا تاسادىپىي بىر ئىش چېرچىلنىڭ ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى بەلگىلىدى. چېرچىل كىچىكىدىن باشلاپلا ئۆكىسى بىلەن ئۇرۇش ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلەيدىن ياسالغان 1500 دىن كۆپرەك ئويۇنچۇق ئەسكىرى بار ئىدى. ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ شتاتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ بىر پىيادىلەر دىۋىزىيىسى شۇنچىلىك بولاتتى. بىر كۈنى راندولف ئوغلى ئۇچۇن ھەربىي كۆرەك مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، چېرچىل پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئويۇنچۇق ئەسكەرلىرىنى ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تىزدى ۋە بۇنىڭدىن ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ، دېدى. راندولف ئوغلىنىڭ ھەربىي ئىقتىداردىن ھەيران قېلىپ، تىزىلغان ئويۇنچۇق ئەسكەرلەرنىڭ ھالىتىگە 20 مىنۇتتەك كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتى، ئەزەلدىن دادىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ باقمىغان چېرچىل ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران قېلىپ، ھاياجاندىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. راندولف ھەر ھالدا پىشقان سىياسىيون بولۇپ، چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئوغلىنىڭ ھەربىيلەرگە خاس بىر خىل تەبىئىي ئىقتىدارى بارلىقىنى سېزىپ:

ۋىنستون، كەلگۈسىدە نېمە قىلاي دەيسەن؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ. چېرچىل ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا:

ـــ ھەربىي بولىمەن، بۇنىڭدا گەپ يوق، ـــ دەپ جاۋاب

بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن راندولف ئوغلىنى ئەسكەر قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، شۇنداق قىلىپ، چېرچىل خارروۋدا ئۆتكۈزگەن كېيىنكى ئۈچ يىلىدا ھەربىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇدى.

چېرچىل تەييارلىق سىنىپىدا يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچى ئىدى. شۇڭا، ياتاق نۆۋەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، يوقلىما دەپتەرنى مەكتەپتىكى ئالاقىدار كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى، يەنە تېخى ئۇنىڭ باشقا خىزمەتلەرنى تەقسىم قىلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولدى، بۇ چېرچىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆستۈرۈلۈشى ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مۇشۇ خىزمەت ئورنىدا رەھبەرلىك ئىقتىدارىنىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە چېنىقتۇرۇپ باردى.

ساندفورست ھەربىي مەكتەپكە كىرىش ئۈچۈن بەش پەندىن ئىمتىھان ئېلىناتتى. يەنى ماتېماتىكا، لاتىن تىلى، ئىنگلىزچە قاتارلىق ئۈچ پەندىن چوقۇم ئىمتىھان ئېلىناتتى، فرانسۇزچە، خىمىيە قاتارلىق ئىككى پەندىن ئوقۇغۇچى ئۆزى تاللاپ ئىمتىھان بېرەتتى. چېرچىل ئىنگلىزچە بىلەن خىمىيىگە قىزىقاتتى، باشقا ئۈچ دەرستىن ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. ئۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ ماتېماتىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئەمما، ئىمتىھان قەغىزىدىكى لوگارىفما، ئۈچ بۇلۇڭ، ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە قاتارلىق كۆنۈكمىلەر ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ئىككى قېتىم يەرگە ئۇردى. چېرچىل ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈك - تاقلىرىنى تېڭىپ تۆت يىل تۇرغان خارروۋدىن ئايرىلدى، ئۇ ئەمدى راستتىنلا ھەربىي مەكتەپتىن ئالاقىسىنى ئۈزدىمۇ؟ ئۇ ئەمدى قانداق قىلىپ ساندفۇرست ھەربىي مەكتىپىگە كىردۇ؟

## 5. ھەربىي مەكتەپ ھاياتى

مەغلۇپ بولۇش كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى بىر پەۋقۇلئاددە بېكەت بولۇپ، ھەممە كىشى دېگۈدەك مەغلۇپ بولۇش قىسمىتىگە يولۇقماي قالمايدۇ. بۇنداق قىسمەت سىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولۇڭدا خۇددى ساڭا سايىدەك ھەمراھ بولىدۇ. شۇڭا بەزىلەرنىڭ: مۇبادا سەن مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولساڭ، مەغلۇپ بولۇشنىڭ قېتىم سانىنى كۆپەيتكىن، دېگىنى بىكار گەپ ئەمەس.

چېرچىل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساندفۇرست ھەربىي مەكتىپىگە كىرمەكچى بولدى. ئىككى قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. بالىنى چۈشىنىشتە ئاتا – ئانىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق. ئەر – خوتۇن راندولفلار ئوغلىنى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، كرومۋېلدىكى بىر «ئالاھىدە» مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئىمتىھان ئېلىش كومىتېتىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىمتىھان ماۋزۇلىرىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ چىقاتتى. ئاندىن «ئۆردەكنى بورداش» ئۇسۇلى بويىچە ئىمتىھان جاۋابلىرىنى بىلىم ۋە قابىلىيىتى يېتەرسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا قوياتتى. شۇڭا، مەزكۇر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ ئۆرلەش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئەتراپتا خېلى ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. مەكتەپنىڭ خوجايىنى لېيتېنانت جامېس ئەپەندىنىڭ قولىدىن دائىم دېگۈدەك پارقىراق كۆرسەتكۈچ تاياق چۈشمەيتتى. بۇ كۆرسەتكۈچ تاياق ھاسىغا ئوخشاش قوپال ياكى دىرىژورلۇق تايىقىدەك ئىنچىكە ھەم سىپتا ئەمەس، بەلكى پادىچىلارنىڭ كالا ھەيدەيدىغان تايىقىغا ئوخشايتتى. ۋىنستوننىڭ ھەدېگەندىلا ئەينى يىللاردىكى ئاسكوت مەكتىپىدىكى ئەھۋاللار خىيالىغا كېچىپ، كۆڭلىدە:

قولىدىكى تاياق بىلەن ماڭا ئوخشاش كەپسىز ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرمايدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى. لېيتېنانت جامېس چېرچىلغا لەپپىدە قاراپ قويدى ـ دە، راندولف خانىمغا:

— ھۆرمەتلىك خانىم، خاتىرجەم بولۇڭ، قارىسام، ئوغلىڭىز ناھايىتى ئەقىللىق بالىدەك كۆرۈنىدۇ، پېقىرنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلارنى دەرسكە ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، دۆت بالىلارمۇ مېنىڭكىدە ئوقۇسا ھەربىي مەكتەپكە كىرەلەيدۇ، — دېدى.

چېرچىل مەكتەپكە كىرىشكە خۇشاللىق بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. شۇ يىلى قىشتا ۋىنستوننىڭ مومىسى ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ كاتتا بىر داچىسىنى چېرچىل ئائىلىسىگە قىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن بېرىپ تۇرغانىدى. بۇ جاي ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز ـ پەس قۇملۇق ئىدى، كۆز يەتكۈسىز ئەنگلىيە بوغۇزى بىلەن قۇملۇقنىڭ ئالدى تۇمشۇقىدا چىرايلىق بىر ياي شەكىللىك تىك قىيا شەكىللەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئارىلىقىدا چوڭقۇر بىر جىلغا بار بولۇپ، جىلغا ئۈستىدە يۇمىلاق ياغاچتىن ياسالغان ۋاقىتلىق كۆۋرۈك بار ئىدى. بىر كۈنى چېرچىل ئىككى ئۇكىسى بىلەن ئادەم تۇتۇش ئويۇنى ئويناپ، كىچىك ئۇكىسىدىن قۇتۇلۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۇياق ـ بۇياققا قېچىپ ھاسىراپ كەتتى. بىر چاغدا بۇ كۆۋرۈككە كېلىپ ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدا ئىككى ئۇكىسى ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. جاھىل مىجەزلىك چېرچىل مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىدى. ئۇ جىلغىدا بوككىدە ئۆسكەن ئېگىز دەرەخ شاخلىرىنىڭ كۆۋرۈك ئاستىغا تېگەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، كۆڭلىدىن دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلىپ ئاستا پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتسەم بولىدۇغۇ، دېگەن غەلىتە بىر خىيال كەچتى. چېرچىل

www.uyghurkitap.com

كۆۋرۈك ئاستىغا تىگەي دەپ قالغان دەرەخ شاخلىرىغا ئىسلىنغۇاتقاندا ئىككى ئۇكىسى چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئاغزىنى جامدەك ئېچىپ گەپ قىلالماي قالدى. «قاراس ـ قۇرۇس» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن چېرچىلنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەينىدىنلا قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ پۈتۈنلەي سېزىمىنى يوقاتتى.

چېرچىل ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى، ئۇنىڭ بېشى زەخىملىنىپ، پۇتى سۇنۇپ كەتكەنىدى، ئەگەر دەرەخ شاخلىرىنىڭ بۇفېرلىق① رولى بولمىغان بولسا، ئېھتىمال ئۇنىڭ جېنى ئامان قالمىغان بولاتتى. ئۈچ ئاي كۆڭۈل قويۇپ داۋالىنىش ئارقىلىق چېرچىل ئورنىدىن تۇرۇپ، كارىۋات بويلاپ ماڭالايدىغان بولدى. چېرچىل جاراھىتىنى بىر يىلدىن كۆپرەك داۋالىتىش جەريانىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە لوندوندا تۇردى. شۇڭا، ئۇنىڭغا يۇقىرى قاتلامدىكى كۆپلىگەن سىياسىيونلار بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتى تۇغۇلدى. بۇ كاتتا ئەربابلار ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى ھوقۇق تۇتقان كىشىلىرى بولۇپ، ھەممىنى ئىدارە قىلاتتى. چېرچىل بۇ ئەربابلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگە ئىچ ـ ئىچىدىن ھەۋەسلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قىلغان پاراڭلىرىدىن دادىسىنىڭ مالىيە ۋەزىرلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان خاتالىق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياش چېرچىل كۆنلەرنىڭ بىرىدە دادام سىياسىي سەھنىگە قايتا چىقىپ قالىدىغان بولسا، مەنمۇ دادام بىلەن بىللە خىزمەت قىلىمەن ھەمدە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن دادامنىڭ سىياسىي پائالىيىتىنى قوللايمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

چېرچىل سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن يەنە لىيتېنانت جامىسىنىڭ قولىدا ئوقۇدى، لىيتېنانت چېرچىلنىڭ ئىپادىسىدىن بەكلا نارازى بولۇپ، «چېرچىل ئۆزىنىڭ

① ئىككى نەرسىنىڭ ئۇرۇلۇش زەربىسىنى كېمەيتىش مەنىسىدە.

مۇئەللىمگە شىلتىڭ ئاتماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. چېرچىل بولسا مۇئەللىمنىڭ مەن ئۈچۈن تارتىۋاتقان جاپاسى قۇرۇق بىر ئاۋارىگەرچىلىك دەپ قارىدى. 1893 ـ يىلى چېرچىل ساندفۇرست ھەربىي مەكتىپىگە ئىمتىھان بەردى. لېيتېنانت جامېس ۋەدىسىدە تۇردى. چېرچىل مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. ئەپسۇس، ئۇ دادىسى ئارزۇ قىلغىنىدەك پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىگە كىرەلمىدى. نەتىجىسى تۆۋەن بولغاچقا، مىڭ تەستە ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپىگە كىردى. ئەمەلىيەتتە، ئاتلىق ئەسكەرلەر مەكتىپىگە كىرىشتە ئىقتىدار بىلەن بىلىم ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس بولۇپ، ھالقىلىق مەسىلە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەت ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش ـ تۆلىيەلمەسلىكىدە ئىدى. ئىشقىلىپ، چېرچىل ھەربىي مەكتەپكە نەتىجىسى ئىلگىرىكىدەك تۆۋەن بولسىمۇ قوبۇل قىلىندى.

ئۇ 20 ياشقا كىرگۈچە كىنەز مالبورونىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇ ئىش تاغىسىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى قاتتىق ئالاقزادىچىلىككە سېلىپ قويدى. شۇڭا، قېرى كىنەز خانىم يېڭىدىن ئائىلىسىگە كىرگەن كېلىنىگە:

— سىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىڭىز بالا تۇغۇش، بالا تۇغقاندىمۇ ئوغۇل تۇغۇپ، ئاي ـ كۈنى توشماي تۇغۇلغان ۋىنستوننىڭ كىنەزلىك ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق، — دەپ قاتتىق جېكىلىدى. بۇ كېلىن كىنەز خانىم تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئىنتايىن كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىدى، شۇنداق قىلىپ، چېرچىل مالبورونىڭ كىنەزى بولۇش مۇمكىنچىلىكىدىن مەڭگۈگە مەھرۇم بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە ھەسرەت چەكمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىگىنى كىنەزلىك مەرتىۋىسىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان ئورۇن ئىدى.

چېرچىلنىڭ بىرنەچچە قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكى غۇرۇرى كۈچلۈك راندولفقا ئىنتايىن قاتتىق زەربە بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئوغلىغا خەت ئەۋەتىپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ

بېقىشنى تاپىلىدى ھەمدە قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارقىدا قالماسلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئوغلىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش ئۈچۈن، راندولىف ئۇنى شۋېتسارىيىگە ئەۋەتىپ پىيادە ساياھەتكە قاتناشتۇردى ۋە بىر تربىيەنى ئوغلىغا ھەمراھ قىلىپ قويدى. لۇساننى كۆلىدە تەۋەككۇلچىلىك روھىغا باي چېرچىل بىر ھەمراھى بىلەن ئوغرىلىقچە قېيىق ھەيدىگىلى باردى. شۇ چاغدا كۆل سۈيى خۇددى ئاق شايىدەك تاۋلىنىپ، مەيىن دولقۇنلار قىرغاققىچە يامراپ تۇراتتى، ئىككىيلەن سۇپسۈزۈك كۆل سۈيىگە ئۆزلىرىنى ئېتىپ، پۇخادىن چىققۇچە ئۈزۈپ ئوينىدى، بىر چاغدا ئۇلار ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، قېيىقنىڭ ئۆزلىرىدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئارقىدىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، بوران چىقىشقا باشلىدى، كۆلدە دولقۇنلار پەيدا بولدى، ئىككىيلەننىڭ سۇدا نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى قىيىنلاشتى. تېخى بايىلا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆل ئەمدىلىكتە خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك قۇترىشقا باشلىغانىدى. شۇ ئەسنادا قېيىق شامالنىڭ كۈچى بىلەن ئۇلاردىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتى. بەل ـ پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ماجالى قالمىغان چېرچىلنىڭ كاللىسىغا ئۆلۈم ۋەھىمىسى كىرىۋالدى. كىچىك ھەمراھى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئارقىسىدا قالغانىدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان چېرچىل «مۇبادا بىرەرى كېلىپ بىزنى قۇتۇلدۇرمايدىغان بولسا، سۇدا تۇنجۇقۇپ جەھەننەمگە كېتىمىز» دەپ ئويلىدى. ھايات قېلىش ھەلەكچىلىكىدە ۋۇجۇدى كۈچلۈك لەرزىگە كەلگەن چېرچىل ئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچ بىلەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىر مۆجىزە بىلەن ھايات قېلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشتى. ئۇ ئاخىر كۈچلۈك شامالدا دوم كۆمتۈرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان قېيىقنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋالدى ۋە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ھەمراھىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. چېرچىل بۇ ئىش توغرۇلۇق تربىيەرى ھەمدە ئۆيىدىكىلەرگە تىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىش

كالىلىسىغا مەھكەم ئورناپ قالدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى ئەنگلىيە قاتمۇقات مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ، دۆلەت مۇنقەرز بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، چېرچىلنىڭ تەمكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ دۆلەتنى قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا بەلكىم مۇشۇ كەچۈرمىشى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ساندفۇرست ھەربىي مەكتىپى چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا يېڭى باشلىنىش دېيىشكە بولاتتى. بۇ مەكتەپتە كىشىنى بىزار قىلىدىغان لاتىن ۋە ماتېماتىكا دەرسلىرى يوق بولۇپ، ئۇرۇش تاكتىكىسى، مۇداپىئە كۆرۈش تاكتىكىسى، توپوگرافىيە ۋە ھەربىي قانۇن قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئات مىنىش، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرمۇ بار ئىدى. چېرچىل پۈتكۈل دەرسلەر ئىچىدە جەڭ تاكتىكىسى بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش تاكتىكىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. سىر راندولف ئوغلىنىڭ بۇ دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىتابلارنى ئەۋەتىپ بەردى. چېرچىلنىڭ كىتابلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئۇ سەپ تۈزۈپ مەشىق قىلىشقا ئەمەس، بەلكى دالا ئۇرۇشى ئىستىھكاملىرىنى ياساشقا بەكلا قىزىقاتتى. چېرچىل ھەربىي مەكتەپنىڭ قاتتىق تەربىيىسى ئاستىدا ئاكوپ كولاش، قوم خالتا تەييارلاش ۋە مىنا ئورۇنلاشتۇرۇش، مىلتىق دورىسى بىلەن تۆمۈر يول، تاش كۆۋرۈك، شۇنىڭدەك كېمە ـ قېيىقلار ھەم ياغاچلاردىن پايدىلىنىپ لەيلىمە كۆۋرۈك ياساش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋالدى.

ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېرچىل ئات مەيدانىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس ئىدى، ئۇ ياخشى ئۆتىدىغان بىرقانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە پۇل يىغىش قىلىپ، بىرنەچچە ئاتنى ئىجارىگە ئالدى ۋە بوش ۋاقىت بولسىلا دالىدا ئات مىنىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

بۇ چاغدا چېرچىل ئاسكوت مەكتىپىدىكى «كەم ئەقىل بالا»،

شۇنداقلا خارۋۇدىكى ناچار ئوقۇغۇچى دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى بەزى تەرەپلەر بارغانسېرى روشەنلىشىپ، يۇكسەك ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، چىن كۆڭۈل، سەمىمىي نىيەت بىلەن دۆلەتكە خىزمەت قىلىش تەشنالىقىدا ياندى ھەمدە ئۆزى ھىمايە قىلىدىغان ئىشلارغا قەتئىي ئىشەنچ باغلىدى. لېكىن، ئەينى چاغدا مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشى تارىختىن قالغان كونا ئىش ھېسابلىنىدىغان، ھەربىيلەرنىڭ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشىمۇ ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، چېرچىل ئۆزىنىڭ بىر ئەسىر كېيىن تۇغۇلۇپ قالغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى، بولمىسا ئۇ ئۇرۇش ئوتلىرى يانغان ئاشۇ دەۋرگە بېرىپ، ئۆزى قول قويىدىغان ناپولېئون بىلەن 20 يىلدىن كۆپرەك ئېلىشقان بولاتتى. ئۇ مالبورونىڭ بىرىنچى ئەۋلاد كىنەزىدەك شان ـ شەرەپ قۇچۇشنى، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئىمپېرىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى بولۇپ، شەرق ۋە غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، سىر راندولف ئوغلىغا يېقىنچە بىر نەزەر بىلەن قارايدىغان بولدى. چۈنكى، سىر بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئوغلى بولسا كۈندىن ـ كۈنگە تولۇپ ساغلام چوڭ بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى تېخى ئورۇنداپ بولمىغان ئىشلارنى ئوغلىنىڭ ئورۇندىشىغا ئۈمىد باغلىدى. 1895 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى راندولف چېرچىلنىڭ ھايات شامى ئۆچتى، شۇ يىلى ئۇ 46 ياشتا ئىدى. دادىسىنىڭ ئۆلۈمى چېرچىلغا قاتتىق زەربە بولدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە دادىسىنىڭ روھى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. چېرچىل كىشىلەرگە:

— بۈگۈن 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، دادامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن كۈنى، بۇمۇ مېنىڭ ۋاپات بولىدىغان كۈنۈم، — دېدى. ئېھتىمال توغرا كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، ۋىنستون

www.uyghurkitap.com

چېرچىل 90 ياشقا كىرگەن يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا چېرچىل كىچىكىدىن باشلاپلا ئۈنىڭلىك ياخشى كۆرىدىغان ئېۋېرېست خانىمنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كېچىدە يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، تەربىيىچىسىنى يوقلاپ لوندونغا كەلدى. ئۆزىنىڭ ساقايماس كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقىنى بىلگەن ئېۋېرېست خانىم يەنىلا يىراقتىكى ۋىنىستون چېرچىلنىڭ غېمىدە قالغانىدى. ئۇ ھېلىلا سۇدىن تارتىۋالغاندەك چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەن چېرچىلنى كۆرگەندە، ئۇ سوغۇق تېگىپ زۇكام بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ يىغلاپ كەتتى. ئەتىسى ھەربىي پارات بار ئىدى. شۇڭا، چېرچىل شۇ كۈنى كەچتىلا گازارمىغا قايتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە خانىم سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى... دەپنە مۇراسىمىغا پوپنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چېرچىل بىردىنبىر مېيىت ئۇزاتقۇچى بولۇپ قاتناشتى. كېيىن چېرچىل سودا ۋەزىرى بولغاندا تۈزگەن «دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ سۇغۇرتا قانۇنى» قاتارلىقلارغا ئېۋېرېست خانىمغا ئوخشاش مېھرىبان، ئەمما ئىگە ـ چاقىسىز قالغان قېرىلارغا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئېتىبار قىلىش مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلدى.

يېقىن ئادىمىدىن ئايرىلغان چېرچىل ئاستا ـ ئاستا پىشىپ يېتىلدى، ئۇنىڭ ساندفۇرست ھەربىي مەكتىپىدە بەرگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھان نەتىجىسى 150 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە 8 ـ بولدى.

# ئىككىنچى باب جۇشقۇن ياشلىق دەۋر

## 1. ئاتاق ئالغان رىتسار

ياشلىق — ھاياتنىڭ ئەتىگىنى، بىر كۈننىڭ تاڭ سەھىرى، ئۇ تولىمۇ جەلپكار، ئارزۇ - تىلەكلەرگە ۋە ئىپتىقۇسىز بىر جۇشقۇنلۇققا توشقان بولىدۇ. ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چېرچىل دادىسىنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسى بويىچە پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا كىرمەي، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان 4 - يېنىك ئاتلىقلار پولكىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. چېرچىل بۇ پولكتا ئىنتايىن قاتتىق ھەربىي مەشىق قىلدى، مەشىقنىڭ مەزمۇنى كۆپ ۋە ھەرخىل بولۇپ، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ ئىگەرسىز ئاتقا مىنىپ توسۇقتىن ئۆتۈش مۇھىم مەشىق تۈرى ھېسابلىناتتى. بۇ مەشىق تۈرىدە يېڭى ئەسكەرلەر كەينى - كەينىدىن قاتتىق يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتى - دە، سىرىق جىيەكلىك ھەربىيچە شەپكىلىرى ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار ئىچىدە دوممىلاپ كۆرگۈسىز بولۇپ كېتەتتى. گىدىيىپ يۈرىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر - بىرلەپ پەرىشان ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلايدىغان چېرچىلمۇ ئاتتىن كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشۈپ، ھەربىي ئوقۇتقۇچى ۋە سەپداشلىرىنى كۇلدۈرۈۋەتتى.

ياش ۋاقتىدا قاتتىق مەشىقنى قوبۇل قىلالىغان ئادەم ئۆمۈر بويى شۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا ئۆزگىلەرنىڭ سىنى يېڭىشى تەس، پەقەت ھورۇنلۇق - يالقاۋلىق ۋە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشلا سىنى يېڭىشى مۇمكىن. دەسلەپكى

ئۆز ـ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش كىشىنى ئىجتىھاتلىق قىلىپ، ئۆزىگە بولغان تولۇق ئىشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر مانېۋىرى تەۋەككۇلچىلىك روھىغا باي ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك كېلىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسى روتا بويىچە سەپ تۈزىدۇ ھەمدە ھەربىي يۈرۈشتە سەپىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ئاتاكىغا ئۆتكەندە تۇمەنلىگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭدىن كۈننىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. جەڭنىڭ قىزىقىدا كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدىغان ئەسكەرلەرنىڭ «ئۇر، چاپ» دېگەن سادالىرى يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. چېرچىل قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولىدىغان ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ھاياتىدا ئەنگلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىدە ھەربىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇشنىڭ ھەمدە رىۋايەتلەردىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ ئىنتايىن تەسلىكىنى بايقىدى.ئۇنىڭ ئالدىراقسانلىق بىلەن نام ـ ئاتاق چىقىرىمەن دېيىشى ئۆزىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. يەنى، بۇمۇ ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولى ئەمەس ئىدى. چېرچىل ئۆزىنى باشقىلاردىن قالتىس ئۈستۈن چاغلايتتى، شۇڭا كىشىلەرگە يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، دائىم كىشىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتەتتى. دۇشمەنلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇ ئالغا تاشلىغان ھەربىر قەدىمى ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلاتتى. تەقدىر بەلكىم ئۇنىڭغا يان باسقان بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا چېرچىلمۇ دادىسىغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتكە يولۇققان بولاتتى. ياشلىق مەزگىللىرى چېرچىلنىڭ ئاپىسى ھەمدە جەمەتى ئۇنىڭغا ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىمىز، دەپ تالاي ـ تالاي توسقۇنلۇقلارنى يوقاتقان، خۇددى چېرچىل ئېيتقاندەك: «ئاپام خۇددى قاش قارايغان چاغدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك يولۇمنى يورۇتۇپ بەرگەندى.»

1895 ـ يىلى كىشىلەر كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلاشنىڭ

بىرەر ئالامەتلىرىنى بايقىمىدى، چېرچىلنىڭ بۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئىچى پۇشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزىنىڭ ھەربىي تالانتى كۆمۈلۈپ قالاتتى. ھەربىيلىكنى كەسىپ قىلىپ تاللىۋالغان چېرچىل ئۆسمۈر چاغلىرىدىلا زەمبىرەكنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى زېمىننى قاپلىغان ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى تەقدىر ئىلاھىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر بىلىپ بېقىش خىيالىغا كەلگەنىدى. شۇ يىلى ئۇ ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى كىتاب ئارقىلىقلا ھېس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ بەش ئايلىق دەم ئېلىش ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالدى. شۇڭا، چېرچىل خىزمەتدىشى لېيتېنانت بارنېس بىلەن بىللە كۇباغا بېرىپ ئۇرۇشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ كىنەز مالبورونىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئەنگلىيىنىڭ ئىسپانىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بۇ ئىشنى ئۆزى سورۇشتۇردى. ئاخىر ياش ئاتلىق ئەسكەر چېرچىل ئىسپانىيە قوروقلۇق ئارمىيىسىنىڭ يېڭى ئوقلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش نامى بىلەن كۇبا ئالدىنقى سېپىگە بېرىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

1895 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چېرچىل بارنېس بىلەن بىللە كېمىگە ئولتۇرۇپ ھاۋاناغا باردى. سۇبھىنىڭ تاڭ نۇرىغا بۆلەنگەن گۈزەل، باي كۇبا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، بۇ يامغۇر مىقدارى كۆپ، يەرلىرى مۇنبەت، زىرائەتلەر بولۇق ئۆسىدىغان، مەنزىرىسى ئىنتايىن چىرايلىق زېمىن بولۇپ، ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ كۇبانى «غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىكى گۆھەر» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ جاي گويا زادى ئۇرۇش بولمايدىغاندەك شۇنچىلىك تىنچ ئىدى.

چېرچىل ھاۋانادا ئەزىز مېھمانلاردەك قىزغىن كۈتۈۋېلىندى ۋە ھەشەمەتلىك مېھمانخانىدا يېتىپ، قورۇتۇلغان تاتلىق ئاپېلسىن يېدى، يەرلىك تاماكىدىن قانغۇچە چەكتى. ئىسپانىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئىسپات ـ ھۆججەتلىرىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرگەندىن كېيىن، چېرچىل ئىككىيلەننى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر جاپا ـ مۇشەققەتلىك مەزگىللەردە بىرگە ئەۋەتكەن مۇھىم ئەلچىلىرى دەپ ھېسابلىدى. مارشال كونىبېس ئۇلارنى قىزغىن كۇتۇۋالدى ھەمدە ئىككىيلەننىڭ ئىسپانىيىنىڭ بىر زاپاس قىسمى بىلەن كۇبانىڭ ئىچكىرى تاغلىرى ۋە قېلىن ئورمانلىقلىرىدا «باندىتلارنى تازىلاش» ھەرىكىتىگە قاتنىششىغا ماقۇل بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چېرچىلنىڭ 21 ياشقا كىرگەن كۈنى ئىدى. ئۇ بۇ كۈنى ئۆز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم جەڭ سىناقلىرىغا دۇچ كەلدى، تاڭ سەھەر، قويۇق تۇمان تاغ يوللىرىنى قاپلىغانىدى، يۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇن قىلىچلىرى بىلەن دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، قوشۇننىڭ ئارقا تەرىپىدىن قولاقنى پاڭ قىلغۇدەك مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئېنىقكى، پارتىزانلار تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى. ئىسپانىيە ئەسكەرلىرى زىچ سەپ بولۇپ زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللاندى. بىر پەستىلا ئىس ـ تۈتەك ئەتراپنى بىر ئالدى. ئېتىشىش ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، پارتىزانلار ئۇن ـ تىنسىزلا يوقاپ كەتتى. ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. قورساقلىرى ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتكەن ئىسپانىيە ئەسكەرلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تاماق يېيىشكە تۇتۇندى، چېرچىل مايدا قورۇپ پىشۇرۇلغان توخۇ پۇتىنى قاماپ ـ قاساپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر قوڭۇررەڭ ئاتمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي ئوت يەۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، ئورمانلىقتىن يامغۇردەك ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان چېرچىل قولىدىكى توخۇ پۇتىنى ئاللىقاياقلارغىدۇر پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. بىر پاي ئوق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن «ۋىڭڭىدە» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا مىلتىق ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. قورقۇنچتىن تېخىچە يۈرىكى ئورنىغا چۈشمىگەن چېرچىل شۇندىلا ئۆزىنىڭ

يارىدار بولمىغانلىقىنى بىلدى، ئەمما ئارقىسىدىكى ئاتنىڭ يانپىشىغا ئوق تېگىپ، قان بۆلدۈقلاپ ئېقىۋاتاتتى، چېرچىل ئات يىقىلىپ چۈشكۈچە بولغان بىر دەقىقىدە بىچارە جانىۋارنىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالغانلىقىنى كۆردى. شۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا 21 ياشقا كىرگەن چېرچىل ئۇرۇش مەيدانىدا ئەزرائىلنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى.

ئەتىسى ئىسپانىيە ئارمىيىسى خېلى بىر يەرلەرگىچە پارتىزانلارنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئەمما، ئۇلار جېدەللەپ يول يۈرۈپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. چىدىغۇسىز دىمىق ئىسسىق بولىدىغان كېچىسى چېرچىل بىرقانچە ئوفىتسېرلار بىلەن پالمىزارلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى دەرياغا چۆمۈلگىلى باردى. ئايدىڭ كېچە قوينىدىكى دەريا سۈيى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى، لېكىن بۇ يەردە ئەزرائىلنىڭ مۆكۈپ تۇرغانلىقىنى كىم بىلسۇن، ئۇلار دەريادا ھوزۇرلىنىپ چۆمۈلۈۋاتقاندا، ئوقلار ئۇلارنىڭ قولاق تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئادەم ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالسا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالىدىغان گەپ، ئۇلار ئىشتانلىرىنى كۆتۈرگىنىچە گازارمىغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە قاچتى.

شۇ كۈنلەردە چۈشىنىكسىز بىر خىل قورقۇنچ ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن زادى چىقمىدى، ئۆلۈم قورقۇنچلۇق، ئەمما ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشتىنمۇ ئارتۇق قورقۇنچلۇق ئىش يوق. شۇ تاپتا پارتىزانلار قاراڭغۇ جايلارغا مۆكۈنۈۋالغان، چېرچىللار بولسا ئوچۇقچىلىقتا مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ قالغاندى. بەزىلەر ئېھتىمال چېرچىل نېمىشقا شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك، تىنىچ ئۆتىدىغان دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كەچكەندۇ، بۇنى ئاز دېگەندەك، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يىغقان پۇلىنى خەجلەپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ كۇباغا، يەنى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ ئۆزىنى قىينايدىغاندۇ؟ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 4تە ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلچە ئالاقىسى بولمىغان چەت

ئەللىكلەرگە نىشان بولۇپ بېرىدىغاندۇ؟ دەپ ئەجەبلىنىشى تۇرغان گەپ. ئەمما، چېرچىلنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ئىگە ئىكەنلىكى، يەنى تەۋەككۈلچىلىك ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك قىلىش، ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىنمۇ يانماسلىقىدا ئىدى. بۇ بەلكىم رىۋايەت تۈسىدىكى قەھرىمانلارنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان خىسلىتى بولسا كېرەك.

چېرچىل بىلەن بارنىس ئەنە شۇنداق قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتنى كۇبادا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار قوشۇنغا ئەگىشىپ «باتۇرلۇق» كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەربىرى ئىسپانىيىنىڭ كرېست بەلگىلىك ئوردېنىغا ئېرىشتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكە تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى بىر تەرەپتىن ئەنگلىيە بىلەن باشقا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيتىۋەتتى. بۇ مەزگىلدە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا كۆلىمى زور بولغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى پارتلىدى. 1881 ـ يىلى سۇداندا ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوتى ياندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مۇستەملىكىچىلەرنىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئافرىقىدا ئەنگلىيە ئۆز مۇستەملىكىلىرىگە قىلچە تەپ تارتماي تالان ـ تاراج قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇ قىزىق نۇقتا رايونلىرى كېيىنكى چاغلاردا چېرچىلنىڭ بارىدىغان جايلىرى ئىدى.

1896 ـ يىلى كۈزدە چېرچىل تۇرۇۋاتقان 4 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى ھىندىستاننىڭ بانگالور دېگەن جايىغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار خۇددى كونسېرۋا قۇتىسىغا قاچىلانغان ساردىنا بېلىقىدەك ناھايىتى چوڭ بىر ترانسپورت كېمىسىگە قىستىلىپ

ئۆلتۈرۈپ يولغا چىقتى، كېمە پايانسىز دېڭىزدا دولقۇنلار يېرىپ بىر ئايغا يېقىن ماڭغاندىن كېيىن بومباي پورتى كۆزگە چېلىقتى. قىرغاقتىكى يېنىك ئىرغاڭلاپ تۇرغان كوكۇس دەرەخلىرىنىڭ سومبۇل چاچتەك شاخلىرى، قويۇق دىنىي تۇس ئالغان ئوردا ــ سارايلىرىنىڭ ئەكسى سۇغا چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ يات ئەلنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسى، ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ھەرقانداق كىشىنى ئۆزگىچە مەپتۇن قىلاتتى. كېمىدىكى ئەسكەر كەينى ــ كەينىدىن قىرغاققا چىقىشقا باشلىدى. چېرچىل چۈشكەن بىر قولۋاق ئاران دېگەندە قىرغاققا يېقىنلاشتى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن پىرىستاندىكى بىر تۆمۈر ھالقىنى تۇتۇۋالدى، لېكىن ئېھتىياتسىزلىقتىن پۇتى تېيىلىپ كېتىپ، ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. قاتتىق كۈچىگەنلىكتىن ئوڭ مۈرىسى چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن چېرچىل چەۋگان توپنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش كۆڭۈلدىكىدەك ئوينىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىدىن يامان بولغىنى، ئوڭ بىلىكىنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ دائىملىق قورالى — قىلىچنى ئىشلىتىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئۇ ئاپتوماتىك ماۋزېرنى تاللاشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، شۇ قېتىمقى كۆتۈلمىگەن يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى كۈرەشلەردە ئامەتكە ئېرىشىشىگە سەۋەب بولدى. چېرچىل بۇ ئىشتىن ۋاقتىنچە ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقۇپ كەتمەسلىكنى، ئامەت بىلەن ئاپەتنىڭ تۇراقسىزلىقىنى، ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

چېرچىل بانگولوردا ئىككى ئوفىتسېر بىلەن بىللە بىر ئۆيدە تۇردى، بۇ ئەپچىلگىنە سېلىنغان بىر ئېغىزلىق چىرايلىق ئۆينىڭ ئەتراپى بەس ــ بەستە ئېچىلىپ كەتكەن ياۋروپا ئەتىرگۈلى بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ ئەتىرگۈل باشقا گۈل ــ چېچەكلەر ئارىسىدا ئۆزگىچە چىرايلىق بولغاچقا، كېپىنەكلەر شوخ پەرۋاز قىلىپ ئوينايتتى. كۈندۈزلىرى بۇ جايدا ھاۋا بەك

ئىسسىق بولغىنىنى بىلەن، كەچقۇرۇن قۇياش پاتقاندا ئەتراپ سالقىنلاپ، كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. سۇتتەك ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن دەريا بويىدا چىرايلىق ھىندى قىزلىرى چۆرگىلىشىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. چېرچىل ئۇچەيلەنىڭ كۈندىلىك ھال - ئەھۋالىدىن بىر غوجىدار ۋە بىر بالا خىزمەتكار خەۋەر ئالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر گۈل باققۇچى، ئۈچ نەپەر سۇ توشۇغۇچى، تۆت نەپەر كىر يۇغۇچى ۋە بىر نەپەر ئىشىكباقار ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئەڭ تۆۋەن ئۇنۋانى بار ئوفىتسېرغا بۇنچىلىك كۆپ ئادەم خىزمەتتە بولسا، ئۇنداقتا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىنىڭ ھىندىستاندا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

ئۇلارنىڭ قولىدا بىرمۇنچە جەڭ ئاتلىرى بولغاچقا، بەيگىگە قاتنىشىش ئاساسلىق پائالىيىتى ھېسابلىناتتى. بۇ يەردە ۋاقىت ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتمەكتە ئىدى. قاتتىق زېرىكىشلىك ئىچىدە قالغان، ئىلگىرى كەپسىز، ناچار ئوقۇغۇچى ھېسابلانغان چېرچىلدا بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىشتەك كۈچلۈك بىر خىل ئارزۇ ئاستا - ئاستا پەيدا بولدى. ئۇ تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇر ساھەلىرىدە ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل بىرنەچچە قېتىملىق ئىدىيىۋى كۈرەشتىن كېيىن، تارىخ، پەلسەپە، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىگىلەش قارارىغا كەلدى ۋە ئاپىسىغا خەت يېزىپ، لوندوندىن بىرمۇنچە كىتابلارنى ئەكەلدۈردى. ئۇ 1896 - يىلى 11 - ئايدىن 1897 - يىلى 5 - ئايغىچە ھەر كۈنى تۆت - بەش سائەت ۋاقىت چىقىرىپ تارىخ ۋە پەلسەپىگە ئائىت كىتابلارنى، يەنى گىببوننىڭ[①] «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىش ۋە ھالاك بولۇش تارىخى»،

① ئېدۋارد گىببون ــ ئەنگلىيە تارىخچىسى.

ئەپلاتوننىڭ «دۆلەت توغرىسىدا»، مالتۇسنىڭ «نوپۇس نەزەرىيىسى»، دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى»، ئارستوتېلنىڭ سىياسەت، شوپېنخاۋېرنىڭ پەلسەپە كىتابلىرىنى بىرلىپ ئوقۇدى. چېرچىل ئۆگىنىش جەھەتتە ئۇنچىلىك يارىماسلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، بىرەر نەرسىگە قىزىقىپ قالىدىغانلا بولسا، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنەتتى. ئۇ بىلىم دېڭىزىدا تويماي ئۈزدى. شۇنداق قىلىپ، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ باشلانغۇچ بىلىم سەۋىيىسى ئۇچقاندەك ئۆستى. كىتاب ئوقۇسا بىلىم جەھەتتىن ئۆزىنى تولۇقلىغىلى، بېيىتقىلى، روشەن تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كىتاب، خاتىرە دەپتەر ۋە قەلەم ئۇنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان دوستى بولۇپ قالدى.

بىلىم كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى قىممەتلىك ئوزۇق، بىلىمسىز ئادەم تۇرمۇشنى توغرا شەرھلەپ بېرەلمەيدۇ. چېرچىلنىڭ ياشانغاندا كامال تېپىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەنسىز زاماندا ۋەتەننى قۇتقۇلدۇرغان قەھرىمانغا ئايلىنىشىنى ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىجتىھات بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە كېيىنكى چاغلاردا ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## 2. ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدىكى ئاتلىق مۇخبىر

1897 ـ يىلى ياز پەسلى ھىندى يېرىم ئارىلىغا تومۇز كۈنلىرى يېقىنلاشقان پەيتتە، ياش چېرچىل ھاۋاسى سالقىن ئىتالىيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى، دەل شۇ چاغدا ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى مادىرا كەنت تاغ ئېغىزىدا ئولتۇراقلاشقان

پۇنېۋاررۇلار ئىسيان كۆتۈردى، گېنېرال پېرادى ئۈچ دالا ئارمىيىسىنى باشلاپ «تەرتىپنى رەتكە سالغىلى» كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ گېنېرال چېرچىلنىڭ چوڭلىرى بىلەن كونا دوستلاردىن ئىدى. شۇڭا، چېرچىل گېنېرالغا دەرھال تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆزىنى قوشۇنىغا قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. لېكىن، قوشۇننىڭ شتاتى توشۇپ كەتكەچكە، گېنېرال ئۇنىڭغا ئارمىيىنىڭ مۇخبىرى سۈپىتىدە مادىرا كەنت تاغ ئېغىزىغا بېرىش تەكلىپىنى بەردى. چېرچىل قاتتىق دىمىق ئىسسىققا قارىماي، كېمىگە قىستىلىپ ئولتۇرۇپ، قىزىل دېڭىزدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا كەلدى ۋە دەرھال ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئۇ «بوز بەر ئاچقۇچىلار گېزىتى»نىڭ ھەربىي مۇخبىرلىقىغا قوشۇمچە تەيىنلەنگەن، ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ لوندوندا چىقىدىغان «كۈندىلىك تېلېگراف خەۋەرلەر گېزىتى» بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، مەزكۇر گېزىتتا چېرچىلنىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئەۋەتكەن خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

ھەربىي مۇخبىر بولۇش چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى، 1895 - يىلى ئۇ كوبا ئۇرۇش مەيدانىغا بېرىشتىن ئىلگىرى «كۈندىلىك ئەينەن يېزىش گېزىتى» بىلەن ئالاقىلىشىپ، مەزكۇر گېزىتنىڭ ھەربىي مۇخبىرى بولغانىدى. ماقالە يېزىپ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئەلۋەتتە مۇھىم، لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ نام - ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولدى. ئەينى چاغدا ئەنگلىيە خەلقلىرى كوبا ۋەقەسىنى ئۇنچىلىك مۇھىم بىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما چېرچىلنىڭ يازغان تەسىرلىك خەۋەرلىرى يەنىلا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر بولدى. مانا بۇ چېرچىلنىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە بار بولغان يېزىقچىلىق ئارزۇسىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن، چېرچىل بۇ قېتىمقى ئۇزۇن

سەپەرنىڭ ئالدىنقى قېتىم كۆباغا قىلغان سەپىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ، جەھەننەمگە سەپەر قىلغىلى تاس قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى.

ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز ۋە تىك كەتكەن تاغلىق بولۇپ، دەريا ھەم جىلغىلار ماڭدامدا بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى، خورما رەڭلىك تىك قىيالار ئارىسىدا ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلىدىغان دولقۇنلار تەرىپىدىن يەم بولۇپ كېتىش خەۋپى ھەر ۋاقىت كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. پۇنېۋاررۇلار بىرنەچچە يۈز يىلدىن بېرى بۇ غايىۋى جەننەتتە تىرىكچىلىك قىلىپ ئاۋۇپ كەتكەنىدى. 1863 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ يىراقتا سەپەر قىلغۇچى ئارمىيىسى بۇ مۇنبەت زېمىننى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما، قەيسەر ئىرادىلىك يەرلىك خەلقلەر باش ئەگمەي، جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاخىر ئەنگلىيە ئارمىيىسى سان ـ ساناقسىز جەسەتلىرىنى دالىلاردا قالدۇرۇپ، رەسۋاسى چىقىپ قايتتى. 1895 ـ يىلى ئەنگلىيە ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىم بۇ جايغا ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالدى، دەرغەزەپكە كەلگەن پۇنېۋاررۇلار قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ چېدىرلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا پۇت دەسسەپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى. گېنېرال پرادىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ۋەزىپىسى يەرلىك خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇش ئىدى. بۇ يىراق سەپەرگە قاتنىشىش چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك، شۇنداقلا بىر خىل سىناق ئىدى.

9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە پىچاق بىسىدەك تىك جىلغىلار ئارىسىدا كېتىۋاتاتتى، ھاۋا تۇتۇق، تاغ يوللىرى خۇددى سىرلىق ئوردىدەك قاتمۇ قات يىلان باغرى ئىدى. ئىسيان كۆتۈرگەن يەرلىكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن يەرلىكلەرنىڭ ئېلىپ كېتىشكە

ئۆلگۈرەلمىگەن ئۇي ھايۋانلىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش ئولجىسىغا ئايلاندى، پىشاي دەپ قالغان زىرائەتلەر سانسىزلىغان جەڭ ئاتلىرىنىڭ يەم ـ خەشىكى بولدى. گۈگۈم چۈشكەن مەزگىلدە ئەنگلىيە قوشۇنلىرى جىلغىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر پارچە تۈزلەڭلىككە بارگاھ قۇرۇپ جايلاشتى. ئەسكەرلەر ئاپئاق چېدىرلىرىنى تىكتى، ئات، تۆگە ۋە ئېشەكلەر چېدىرلار ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كاۋاپنى بولۇشىغا يەپ قورساقلىرى تويۇپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن، گۈلخانلارنىڭ ئاداققى ئوتلىرى تېخى ئۆچمىگەن چاغدا ئاساسىي قىسىمنىڭ گازارمىسى تۇيۇقسىز شىددەتلىك زەربىگە ئۇچرىدى. ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالغان ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ كۆپ ئەسكەرلىرى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى. ئات ۋە ھەربىي ئەسلىھەنىڭ كۆپ قىسمى بۇلاپ كېتىلدى. غەزەپتىن چىشى غۇچۇرلاپ كەتكەن گېنېرال پرادې ئاۋانگارت قىسىمغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بارلىق زىرائەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، سۇ كۆلچەكلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش ۋە ئۆيلەرنى پارتلىتىش، قارشىلىق كۆرسەتكەن بارلىق يەرلىكلەرنى قىرىپ تاشلاش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۇردى. چېرچىل تەقسىم قىلىنغان بۇ كىچىك شۆبە ئەترەت خۇددى نېپىز مۇز ئۇستىدە مېڭىۋاتقاندەك ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولىدا ئاتلىق كېتىۋاتاتتى. غەلىتە يېرى، ئۇلار بۇ قىسقا سەپەر ئۇستىدە قىلچە قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. بىر مارادىن كېيىن بۇ كىچىك ئەترەت بىر تىك قىيانىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا ئەترەت باشلىقى دۇربۇن بىلەن ئۇدۇلدىكى كونۇس شەكىللىك بىر تاغنىڭ ئۇستى قوللىرىدا قىلىچ، مىلتىق تۇتقان يەرلىكلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەترەت دەرھال تاغ باغرىنى قورشاۋغا ئالدى ۋە ئەسكەرلەر تاغدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئورمانلىقتا ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، تاغ ئۇستىدىكى يەرلىكلەرگە ئوت ئاچتى. جەڭ خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. كىچىك ئەترەت ئاخىر تاغ ئۇستىنى ئىشغال قىلدى. بۇ

چاغدا ئەتراپىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى، تومۇز ئىسسىقتا ئىس ـ تۈتەكلەرنىڭ ھىدى دىماغنى ئېچىشتۇراتتى، يىراقتىكى كۆيۈۋاتقان ئۆيلەر غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن تېخى ھېلىلا قارشىلىق كۆرسەتكەن يەرلىكلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. چېرچىل ئېگىزگە چىقىپ، ئەتراپقا سەپسالغىنىچە ھەيران بولدى. تۇيۇقسىز ئۇ كىچىك شۆبە ئەترىتىنىڭ ئاساسىي قوشۇندىن يىراقتا قالغانلىقىنى، ئۆزىنى ئىچىگە ئالغان بەش ئوفىتسېر ۋە 83 ئەسكەرنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىچكىرىلەپ كىرىشتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئەينى يىللىرى ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەسكىرىي كۈچىنى ھەرگىز چېچىۋەتمەسلىك كېرەك دەپ قايتا ـ قايتا تەلىم ئالغان قىسىم بۈگۈن نېمىشقا بىخەستەلىك قىلىپ قويغاندۇ؟ ئەمما، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي چېرچىل دەرھال ئېتىغا مىنىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «پاجىئە يۈز بېرىدىغان بولغاندىكىن، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق !» دېدى.

كىچىك شۆبە ئەترەت داۋاملىق ئىلگىرىلەپ بىر كىچىك قەبىلە مەھەللىسىگە كەلدى. بۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز كونىراپ كەتكەن كېسەك ئۆي بار بولۇپ، ئىچىدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى، ئەسكەرلەر ئولتۇرۇپ بىرئاز دەم ئالماقچى بولدى. ئەمما، تېخى بايىلا گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقان تاغ جىلغىسى خۇددى قوماچ قورۇغاندەك قايناپ كەتتى ـ دە، قورقۇنچلۇق قورام تاشلار كەينىدە ۋالىلدىغان قىلىچلار كۆرۈنۈپ قاندەك قىزىل بايراقلار تاغ شامىلىدا لەپىلدەشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز ـ پەس تاش ئاراشلىرىدىن قايقارا ئىس كۆتۈرۈلدى ـ دە، دەھشەتلىك پارتلاش ئاۋازى بىلەن تەڭلا يەر جاھان تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى. بىر پەستىن كېيىنلا تەرەپ ـ تەرەپتىن يېشىل، ئاق كىيىملىك يەرلىكلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرگىنىچە خۇددى سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كىچىك شۆبە ئەترەتكە ھۇجۇم قىلدى.

كىچىك ئەترەت بىر ئادىيۇتانتىنىڭ قوماندانلىقىدا قايتۇرما زەربە بەرگەچ ئالدىراپ ـ سالدىراپ چېكىنىدى. شۇ ئەسنادا ئوق يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. چېرچىلنىڭ ئارقىسىدا كېلىۋاتقان بىر مۇنچە ئەسكەرلەر كەينى ـ كەينىدىن يىقىلدى، ئوق تەگكەن بىر ئەسكەرنىڭ كۆكرىكىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىشقا باشلىدى. قورسىقى يارىلانغان يەنە بىر ئەسكەر يەرنى قاماللىغىنىچە جىمىپ قالدى، شۇ چاغدا ئەترەت ياردەمسىز قالدى، ئەسكەرلەرنىڭ بىر مۇنچىلىرى ئۆلۈپ، بىر مۇنچىلىرى ياردار بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار ماڭ تەستە بىرنەچچە ئىغىز كونا ئۆيلەرنىڭ يېنىغا چېكىنىپ بېرىۋالدى، ئەمما تويۇقسىز تام گۆپپىدە ئۆرۈلدى ـ دە، قويۇق توپا ـ چاڭ ئىچىدە يۈزلىرىنى قارا بويىۋالغان، قوللىرىدا قىلىچ، ئوقيا تۇتقان 20 ــ 30 دەك يەرلىكلەر شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە قالغان ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلدى ۋە ياردار بولدى، جەڭگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئادىيۇتانتمۇ بىر نەچچە پارچە قىلىپ چېپىپ تاشلاندى. چېرچىل قالايمىقان جەڭدە بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ شىردەك غەزەپكە كەلدى ـ دە، قىلىچىنى ئوينىتىپ دۈشمەنگە تاشلاندى، ئۇنىڭ دۈشمەنمۇ چېرچىلنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئوڭ قولىدا قىلىچىنى ئوينىتىپ، سول قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ چېرچىلغا ئېتىلدى، ئەھۋالنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى بىلگەن چېرچىل ئالدىراپ كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى، لېكىن ئۇ بەكلا ھودۇقۇپ كەتكەچكە بىر پاي ئوقمۇ نىشانغا تەگمىدى، ئەمما ئېتىلغان ئوقلار ھەر ھالدا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توختاتتى. چېرچىل ئاخىرقى بىر دېسكا ئوقنى تۈگىتىپ جېنىنىڭ بارىچە قاچتى ۋە ئاران دېگەندە تاغ ئۈستىدىكى ئامان قالغان ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر قىسىم ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولدى، ئۇلار كۈندۈزى قانلىق جەڭ قىلىپ خەتەردىن قۇتۇلغىنى

بىلەن، كېچىسى بىر قانچە ئوفىتسېر بىلەن 15 ئەسكەرنى چىلبۆرىلەر يەپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئىككىلا تەرەپتىن ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسەت پۇراقلىرى تاغ جىلغىسىدا ئەتراپقا تاراپ تۇرغان چاغدا، مۇداپىئە ۋە ئالاقە ئۈچۈن قويۇلغان قىسىم يىتىراپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى يىغدى، ئۇلار بىر چاغدا باش قىسمى يارىلانغان «ئاۋانگارت ئەترەت»نىڭ باشلىقى گېنېرالنى تاپتى، ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ جازا يۈرۈشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

شۇ قېتىمقى كەسكىن جەڭدە چېرچىل قورقۇپ كەتمىدى. شۇنداقلا، بۇ ئۇرۇش تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىس ـ تۈتەك قاپلىغان جەڭ مەيدانلىرىدىكى سىناقلاردىن ئۆتتى. ھەربىي مۇخبىر ئاساسلىقى ئۇرۇش قىلمايدۇ، ئەمما چېرچىل ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغىنىغا قارىماي باشتىن ـ ئاخىر جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. بۇ خىل روھنى ئەلۋەتتە ماختاشقا ئەرزىيدۇ. چېرچىل ئۇرۇشتىن كېيىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ «پېشىۋالار مۇنبىرى گېزىتى» ۋە «كۇندىلىك تېلېگراف خەۋىرى» گېزىتىگە كۆپلەپ خەۋەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ خەۋەرلىرى تەسىرلىك، جانلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇشنىڭ قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، يازغانلىرى گېزىتخانا ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. ماقالىلەرنى ئۇزۇلدۇرمەي ئەۋەتىپ تۇرۇشقا ئەگىشىپ چېرچىلنىڭ نام ـ شۆھرىتىمۇ ئاشتى. بۇ ياش لېيتېنانت ئۆزىنىڭ ماقالىلىرىدە ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە تۈزۈمىنى ئەيىبلىدى ھەمدە ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلىرىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. بۇ ھال لوندوندىكى ھەربىي ساھەلەرنىڭ ۋە ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق

قوماندانىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، چېرچىل 1898 ـ يىلى ھىندىستانىنىڭ شىمالىي قىسمىغا قىلىنىدىغان جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغاندا، سوغۇققىنا رەت قىلىندى.

ئەمما، مىجەزى ئالدىراڭغۇ بۇ ھەربىي مۇخبىر ئۆزىنىڭ غېرىبسىنىپ قالغىنىغا تەن بەرمەي، نەدە ئۇرۇشنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى كۆتۈرۈلسە، شۇ يەردە چەبدەسلىك بىلەن پەيدا بولدى. كېيىن، سۇداندا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش پارتلىغاندا بۇ سەزگۈر، چېچەن ھەربىي مۇخبىر شىمالىي ئافرىقىنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا پەيدا بولدى. شىمالىي ئافرىقىدىكى ئۇرۇش باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جەنۇبىي ئافرىقىدىمۇ ئۇرۇش يالقۇنى كۆتۈرۈلدى. چېرچىل دەرھال جەنۇبىي ئافرىقىغا باردى. بۇ يەردە چېرچىل ئاجايىپ قورقۇنچلۇق خېيىمخەتەرلەرگە ۋە روھىي زەربىلەرگە ئۇچرىدى. بۇ ھايات ـ ماماتلىق ئېغىر سىناقلار چېرچىلنىڭ جېنىغا زامىن بولالمىدى، ئەكسىچە ئۇنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىكى قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، شۇ قېتىمقى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەر ئاجايىپ چوڭ سىياسىي دەسمايىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىگە چىقىشىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى.

## 3. كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى

تارىخ ئىككى تالانتنى ياراتتى: بىرى، ئەقىل ـ پاراسەتتە مۇقامىغا يېتىش؛ يەنە بىرى، ئۆمۈر بويى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەش. چېرچىلنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئالدىنقىسىغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە تارىخ ئۇنى ئاجايىپ بىر سېخىيلىق بىلەن كېيىنكىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ قىلدى. چېرچىلنىڭ دەسلەپ يازغان خەۋەرلىرى ياخشى باھاغا ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا

يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېزىقچىلىق تالانتىغا ئىلھام بېغىشلىدى. ئۇ ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ بىر كىتاب يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئوقۇش تارىخى چەكلىك بولغان ۋە ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن بۇ ئوفىتسېر باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ ئادەتتە ھەر كۈنى چۈشتە ئۇخلاش ۋە قارتا ئويناشقا كېتىدىغان ئۈچ ـ تۆت سائەت ۋاقتىنى ئىجتىھات بىلەن يېزىقچىلىق قىلىشقا سەرپ ئەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا 300 بەتلىك تۇنجى ئەسىرى «مادېرا كەنت دالا ئارمىيىسى ھەققىدە ھېكايە ــ چېگرا جېڭىدىكى خاتىرىلەر»نى يېزىپ پۈتتۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى شۇنچىلىك تېز سۈرئەتتە يېزىپ پۈتتۈرۈشى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردۇ. 1898 ـ يىلى 3 ـ ئايدا بۇ كىتاب رەسمىي نەشردىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چېرچىل بىراقلا داڭلىق مۇخبىرلار قاتارىغا ئۆتتى.

تۇنجى كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا يېزىقچىلىق ئادىتى يېتىلدى. ياخشى باشلىنىش يېرىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ياخشى ئادەتنىڭ يېتىلگىنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن باشقا نەرسە ئەمەس، چېرچىل بانگالورغا قايتقاندىن كېيىن، تون ئۇزۇن قىش پەسلىدىكى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىككىنچى كىتابىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، رومان يېزىش ئاخبارات خەۋەرلىرىنى يېزىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان چۈشەتتى. بىر ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى قانچىلىك باي بولسا، روھىي دۇنياسىمۇ شۇنچىلىك رەڭگارەڭ، خىلمۇ خىل بولىدۇ. چېرچىل قولىغا قەلەم ئالغاندا بەدىئىي ئوي ـ پىكىرلىرى خۇددى بۇلاق سۈيىدەك توختىمايتتى ـ دە، ئىختىيارسىز يېزىپ كېتەتتى.

چېرچىل «ساۋ رولا» ناملىق رومانىدا سوتسىيالىزمچىلار بىلەن كوممۇنىزمچىلارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ «رەزىل» ۋەكىللىرى دەپ تەسۋىرلىدى. ئۇ بۇ كۆز قارىشىدىن تاكى

www.uyghurkitap.com

ئۆلگۈچە يانمىدى. بۇ رومانىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى يۇقىرى ئەمەس، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ سايىسىنى كۆرەلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چۈشىنەلەيدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلىگەن ساۋرولانىڭ ئىشخانىسى دەل چېرچىلنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشخانىسى ئىدى. ھەتتا ئىشخانىغا تىزىپ قويۇلغان، باش قەھرىمان ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابلار چېرچىلنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئەسەردىكى ساۋرولا ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس ئادەم، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشنى ياقتۇرمايدۇ ۋە كۈنلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك، ئازادە ئۆتۈشىنى خالىمايدۇ. مىجەزى بەكمۇ چۇس، ئۆزى قەيسەر ئىرادىلىك، باتۇر، كۆڭلىگە نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئۈمىدلەرنى پۈككەن، ئۇنىڭ بىردىنبىر ياقتۇرىدىغىنى پاراكەندىچىلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان ھايات، ئۇ مۇشۇنداق بوران ـ چاپقۇنلۇق ھايات داۋامىدا جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك. بۇ تەسۋىرلەشلەر چېرچىلنىڭ تولۇق پۈتكەن ئۆزلۈك ئوبرازىدىن ئىبارەت. 23 ياشقا كىرگەن چېرچىلنىڭ بۇ روھىي ھالىتى يېرىم ئەسىردىن كېيىنمۇ قىلچە ئۆزگەرمىدى، بەلكى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولدى.

چېرچىل باشتىن ـ ئاخىر كەسپىي يازغۇچى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇغ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى بار ئىدى. ئۇ كۆپلىگەن مەشھۇر سىياسىيونلارنىڭ ئەدەبىياتتىن سىياسىيغا يۈزلەنگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇمۇ بۇ يولدا ئىزدىنىشكە ئىرادە تىكلىگەنىدى. چېرچىلنىڭمۇ گالغا ئامراق چاغلىرى بولغان، لېكىن ئۇ ئىش قىلغاندا، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ جاپالىق ئىشلەيتتى. باشقا ئوفىتسېرلار قىز ـ چوكانلار بىلەن بەزمە قۇرۇپ مەستخۇش يۈرگىنىدە، چېرچىل باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق قىلدى. ئاخىر ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 300 بەتتىن ئوشۇق كېلىدىغان «ساۋرولا» ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

چېرچىل رومانىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئاياغلىشىپ قالاي

دىگەن سۇدان ئۇرۇشىغا قاتناشتى. 1881 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى سۇداندا قويۇق دىنىي تۈس ئالغان مەھدىي رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭ پارتلىدى. مەھدىي ئۆزىنى ئاللانىڭ پانىي دۇنيادىكى ئەلچىسى، دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى دەپ جاكارلىدى ۋە خەلقنى «غازات» ئېلىپ بېرىپ، تاجاۋۇزچىلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا چاقىرىق قىلدى. قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە دۇچ كەلگەن ئەنگلىيىنىڭ سۇداندا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى گوردون «مەھشەر كۈنىمىزگە ئاز قالدى» دەپ ھەسرەت چەكتى، مۇستەملىكىچى ئۇنىسۇر گوردون يۆەنمىڭيۈەن باغچىسىنى تالان ـ تاراج قىلىش، كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەت جىنايى ھەرىكەتكە قاتناشقان، كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا يېقىندىن ماسلاشقانىدى. 1885 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قوزغىلاڭچى ئارمىيە خارتۇم شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئۆتكۈزگەن گوردوننى ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا قوزغىلاڭچى ئارمىيە سۇداننىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئازاد قىلدى، 1896 ـ يىلى مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى گوردون ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سۇدانغا كەڭ كۆلەملىك ھالدا تاجاۋۇز قىلدى. چېرچىل ئاساسلىقى ئۇرۇش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىش مەقسىتىدە شىمالىي ئافرىقىغا كەلدى. چۈنكى، ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى» بىلەن سۇدان ئۇرۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىش توغرۇلۇق كېلىشىۋالغانىدى. چېرچىل ئالدىنقى سەپكە كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مەھدىي قۇربان بولغان، قوزغىلاڭچى ئارمىيىگە ئۇنىڭ ۋارىسى خەلىپە قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ سانى كۆپ، جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قورال ـ ياراغ ۋە تاكتىكا

جەھەتتە يەنىلا ئۈتتۈرا ئەسىرنىڭ سەۋىيىسىدە ئىدى. ئۇلار چىش - تىرنىقىغىچە يېڭى تىپتىكى قورال - ياراغلار بىلەن قوراللانغان ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ شەپقەتسىزلەرچە باستۇرۇشى بىلەن مەغلۇپ بولدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇش چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەنگلىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئومدورمان يېنىدىكى بىر قېتىملىق قانلىق جەڭدە سۇدان ئەسكەرلىرىگە كىشىنى چۆچۈتكۇدەك دەرىجىدە ئەڭ شەپقەتسىزلەرچە ھۇجۇم قوزغىدى. قوزغىلاڭچى ئارمىيە ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. غالىب كەلگۈچىلەر جەڭ مەيدانىنى بىر قانچە قېتىم ئارىلاپ چىقىپ، يارىدار بولغان سۇدان ئەسكەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇ قېتىمقى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىنچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ غەزىپى تاشقان چېرچىل ئاپىسىغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال بولۇشقا مۇناسىپ، ئەمما ئۇ مەڭگۈ مۆتىۋەر بولالمايدۇ» دەپ يازغانىدى.

ئۇرۇش شەپقەتسىز، ئەمما ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى جەڭ مەيدانى خۇددى سىياھ چېچىپ سىزىلغان مەنزىرە رەسىمدەك تىپتىنچ بولىدى. پايانى كۆرۈنمەيدىغان دەشت قۇملۇقنىڭ ئۈستىدە ھىلال ئاي ئۆزۈپ يۈرەتتى. يىراقتىن چوڭ بىر قىسىم، خۇددى شىددەتلىك بوراندا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بولۇتتەك ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئاساۋ ئاتتەك شوخ نىل دەرياسىنىڭ سۈيى قۇياش نۇرىدا تۇرۇپ ئالتۇن رەڭدە، تۇرۇپ كۈمۈش رەڭدە تاۋلىنىپ ئاقاتتى. ئەتراپ تونۇردەك ئىسسىق، ئېگەرگە غانجۇغىلانغان سۇ تۇرسۇقلىرىدا سۇلار بىر پەستىلا پارغا ئايلىنىپ بىر تامچىمۇ قالمايتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن ئەسكەرلەر دەريانىڭ سۈيىنى ئوچۇملاپ - ئوچۇملاپ ئىچىشتى.

چېرچىل بىر رازۋېدكا ئەترىتىگە ئەۋەتىلىپ، چوڭ قىسىم يولغا چىققۇچە، ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئۇلار بىر

كىچىك تاغنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە يەتتە ـ سەككىز چاقىرىم يىراقلىقتا مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان قوزغىلاڭچى ئارمىيىنىڭ جەڭگە تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى يېقىن كەلگەندە قوزغىلاڭنىڭ دەرۋىشلىرى كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان «ئۇر ـ چاپ» دەپ چۇقان سالغىنىچە ئالدىغا ئېتىلدى. ئارقىدىنلا ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى سۇدان ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە ۋىژىلداپ چۈشۈشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچى ئارمىيە ئېغىر زىيان تارتتى. لېكىن، بىرمۇ ئەسكەر جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتمىدى. ھەرقايسى سەپلەرگە بۆلۈنگەن ئەسكەرلەر يەنىلا ئالدىنقىلىرى يىقىلسا كېيىنكىلىرى ئىز بېسىپ، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە توختاۋسىز شىپقاپ كەلدى. بۇ چاغدا تاغ قاپتىلىدا تۇرغان چېرچىل زەمبىرەك ئوقىدىن دەرۋىشلەرنىڭ ئېتى بىلەن تەڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ پارە ـ پارە بولۇپ يەرگە چۈشكەن ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇردى.

ئاتاكىغا ئۆتۈش پەيتى بولۇپ قالدى، بۇ چاغدا ئاتلىق ئەسكەرلەر قانلىق ئېلىشىشنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ كۆرۈشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، بۇ قېتىمقى جەڭ ئىنتايىن كەسكىن بولدى. چېرچىلنىڭ ئىلگىرى يارىلانغان ئوڭ قولىنىڭ ھېلىمۇ دەردى بولغاچقا، قىلىچنى ئىشلىتەلمەي ئاپتوماتىك تاپانچىسى بىلەن ئۆزىنى قوغدىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئەسكەرلەرنىڭ پارە ـ پارە بولغان تېنى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن مۇشۇنداق قانلىق جەڭدە تاپانچا ئوبدان ئەسقاتتى، بولمىسا چېرچىل ئاللىقاچان جەھەننەمگە كەتكەن بولاتتى. ئۇرۇش ئاخىر ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالغان چېرچىل ئويدوروپ چىقارمىسىمۇ، سۇداندىكى ئۇرۇش ئەڭ ياخشى خام ماتېرىيال ئىدى. ئۇ جەڭ ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قىسقىغىنا بىر ئاي ئىچىدە «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى»گە كۆپ

ماقالىلەرنى ئەۋەتتى. چېرچىل جەڭ مەيدانلىرىدا شان ـ شەرەپ قوچۇشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما ئۇ ياشىغان دەۋر بۇۋىسى ياشىغان دەۋرگە ئوخشىمايتتى. ھەربىي مۇخبىرلىق خىزمىتى ئۇنىڭغا نامىنى چىقىرىش، پۇل تېپىش ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەسكەرلىك ھاياتىدىن ئاستا ـ ئاستا زېرىكىشكە باشلىدى.

چېرچىل ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ھىندىستانغا يەنە كەلدى. ئۇلارنىڭ چەۋگان توپ ئەترىتى مۇسابىقىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. غەلىبە تەنتەنىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇلار خۇشاللىقتا چۆمۈپ پۇخادىن چىققۇچە ھاراق ئىچىپ مەست بولدى. كىشىلەر ئۆلۈم ئاغزىدىن ئامان قالغان بىر ياشنى ئەپۇ قىلدى. بۇ: «مەست بولۇپ يىقىلىپ قالسا جەڭ مەيداندا زاڭلىق قىلماڭلار، قەدىمدىن تارتىپ بولۇۋاتقان ئۇرۇشلاردا بىرقانچە ئادەملا ساق قايتىپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن گەپنى ئەسلىتەتتى.

چېرچىل ھىندىستاندىن ئەنگلىيىگە قايتىش سەپىرىدە شىمالىي ئافرىقىغا بېرىپ ئۇرۇشقا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. كېيىن كېچە ـ كۈندۈز باش چۆكۈرۈپ كىتاب يېزىشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، 1899 ـ يىلى ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرى — ئىككى توملۇق كىتابى «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» نەشردىن چىقتى.

24 ياشلىق چېرچىلنىڭ يېزىپ چىققان بۇ كىتابى ئاجايىپ زور نەتىجە ئىدى. ئۇ تارىخشۇناس گىببوننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، قەلىمى ئۆتكۈر، سۆز ـ ئىبارىلىرى چىرايلىق، مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئېنىق ئىدى. بۇ كىتابتا ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىنىڭ مىسىر ۋە سۇداننى ئىشغال قىلىش تارىخى بايان قىلىنغان، چېرچىل ئۇرۇشقا ئۆزى بىۋاستە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق، ماتېرىياللىرى تولۇق بولۇپ، كىشىنى جەلپ قىلاتتى.

ئۇ «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش» ناملىق كىتابىدا ئەنگلىيە

ئارمىيىسىنىڭ سۇداندا تۇرۇشلۇق قوماندانىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، بەلكى تەنقىدىي پوزىتسىيە بىلەن ئەنگلىيە ـ سۇدان ئۇرۇشىغا باھا بەردى. چېرچىلنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەنگلىيە ھەربىي تەرەپىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چېرچىل قەلىمىنى تاشلىماي كۆپ ئەسەرلەرنى يازدى، ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بەش توملۇق «دۇنيا كرىزىسى»، (1923 ــ 1931 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان) ئالتە توملۇق «مالبورو تەزكىرىسى» (1933 ــ 1938 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان)، «ئۇلۇغ زامانداشلىرىم» (1937 ـ يىلى نەشر قىلىنغان) ئالتە توملۇق «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدە ئەسلىمە» (1948 ــ 1954 ـ يىللىرى نەشر قىلىنغان) قاتارلىقلار بار.

چېرچىل ئىجادىيەتكە كىرىشكەن كۈندىن باشلاپ چوڭ ـ چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھېكايە يېزىشنى ياقتۇرمايتتى ياكى ئانچە قولىدىن كەلمەيتتى، ئۇ كۆپىنچە تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ئەسەر يازدى، شۇڭا بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى كۆپلەپ ئىگىلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. چېرچىل يېزىقچىلىققا كىرىشىپ قالسىلا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەقىل ـ پاراستى ۋە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان خاتىرىسى، تەسەۋۋۇر كۈچىنى بىر يەرگە يىغىپ ئىجادىيەت قىلاتتى. «دۇنيا كرىزىسى»نى يازغاندا سۆزلەپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى، ئۇ دائىم ياندۇرۇلمىغان سىگارت چىشلىگەن ھالدا ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ كاتىپىغا ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ خىل ئۇسۇل تېز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياخشى ئىدى. چېرچىل ئۇچۇن ئېيتقاندىمۇ يازغاندىن سۆزلەپ بەرگىنى ياخشى ئىدى. ئۇ سۆزلىگەندە ئاۋۋال پەس ئاۋازدا ئېنىق بايان قىلاتتى، ئاندىن كاتىپىغا يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ بېرەتتى.

چېرچىل سىياسىي ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاندا ياكى جەڭ ئارىلىقلىرىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدا يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن ئەسەبلىرى ئارامغا چۈشۈپ قالاتتى. يېزىقچىلىق ئۇنىڭغا نىسبەتەن دەم ئېلىش ۋە خۇشاللىق ئىش ھېسابلىناتتى، يېزىقچىلىق چېرچىلنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئالتە توملۇق «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ھەققىدە ئەسلىمە» ناملىق كىتابى ئاخىر چېرچىلنى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»دىن ئىبارەت شەرەپلىك ئورۇنغا كىرگۈزدى. بۇ كاتتا ئەسەردە ئۇ داڭلىق قەھرىمان شەخسلەر تارىخىنى يارىتىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنى تەشۋىق قىلغان. كىتابتا چېرچىل ئۆزىنى تارىخىي ۋەقەلەردىكى ئاساسلىق شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن ۋە ئۇرۇش يىللىرىدىكى بارلىق توغرا، ئاقىلانە تەدبىرلەرنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ تۆھپىسى قىلىۋالغان، بارلىق خاتالىقلار ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى گېنېراللىرىنىڭ مەككارلىقى ياكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە باشقا دۆلەتلەر سىياسىيونلىرىنىڭ ئەخمەقلىقى ياكى كەسپ ئەھلى بولمىغانلىقىدىن دەپ چۈشەندۈرگەن. كىتابتا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئەنگلىيە ئىدى. چېرچىل ئاجايىپ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تەسۋىرلەپ، ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيىلىكلەر دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر ۋە خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ كىتابىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىزمنى تارمار قىلىشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن كىتابىنىڭ ئاخىرقى بىر تومىدا ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەيپىياتىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. چېرچىل كىتابىدا قىلچە تەپ تارتماي ئامېرىكا، ئەنگلىيە ھەمكارلىقىنىڭ مۇھىملىقىنى تەرغىب قىلدى. بۇ كىتاب تارىخ تەتقىقاتى بولسىمۇ، لېكىن

ئۈنىڭدا كۆپلىگەن جانلىق، ھەقىقىي ماتېرىياللار بار ئىدى. يەنە كېلىپ، چېرچىل پىشقان ماھارىتى ئارقىلىق مەززىسىز تارىخىي ۋەقەلەرگە جان كىرگۈزۈپ قىزىقارلىق يېزىپ چىقالايتتى.

چېرچىل جاپالىق ھالدا يېزىقچىلىق قىلغىنىغا تۇشلۇق پايدا كۆردى. سىياسىي جەھەتتە ھەممىگە تونۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن جاھانغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولدى.

1899 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «نىل دەرياسىدىكى ئۇرۇش»نى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چېرچىل قىسمەدىن ئايرىلىپ لوندونغا قايتىپ كەلدى ھەمدە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم پارلامېنت سايلىمىغا قاتناشتى. ئەمما، بۇ قېتىمقى ئۇرۇنۇشى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

چېرچىل ئادەتتە غىربىسىنىپ قالغىنىغا تەن بەرمەيتتى، ئىچىنى سىقىدىغان بۇرۇقتۇرمىلىققىمۇ چىدىمايتتى، شۇڭا ئۇ ياشاشنىڭ يېڭى بىر ماكانىنى ئىزدىمەكچى بولدى...

## 4. يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇش

كۆپ يىللاردىن بېرى ئەنگلىيە گوللاندىيىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئىككى مۇستەملىكىسى «ترانسۋال جۇمھۇرىيىتى بىلەن «ئورانگې ئاپتونومىيە دۆلىتى»نى① بېسىۋېلىش قەستىدە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئىككى مۇستەملىكە دۆلەتنى گوللاندىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇرلار يەرلىك نېگىرلارنى بويسۇندۇرۇپ تەستە قۇرغانىدى. ئەنگلىيە تالاي قېتىم بۇلارنىڭ بۇ ئىككى مۇستەملىكە دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان، لېكىن ھەر قېتىم قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ناھايىتى چوڭ زىيان تارتقانىدى. 1899 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى قورال كۈچى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىگە

① جەنۇبىي ئافرىقىغا كۆچۈپ بارغان گوللاندىيىلىكلەرنىڭ پۇشتى بۇرلار قۇرغان مۇستەملىكە دۆلەتلەر ـــ ت.

يېتىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تۆت يىلدىن ئوشۇقراق داۋام قىلغان جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى پارتلىدى.

ئۇرۇش باشلىنىش بىلەنلا چېرچىل «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى»نىڭ ھەربىي مۇخبىرى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. چېرچىل ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا كېتىۋاتقان سەپەرداشلىرى (ئەسكەرلەر) مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى ئوشۇقچە ئىدى. چۈنكى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاچقا، ئۇرۇشنىڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىدىغانلىقى رېئاللىققا ئايلانغانىدى.

چېرچىل تۇرمۇشىدا بىرەر خەۋپ ـ خەتەر بولمىسا، بىر ئامال قىلىپ ئېكسپېدىتسىيىگە باراتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىدى. ئۇ ئالدىنقى سەپكە كېلىپلا قىسىملارغا ئەگىشىپ بىر قېتىملىق رازۋېدكا ھەرىكىتىگە قاتناشتى. ئۇلار چۈشكەن برونېۋىك بۇرلار ئىشغالىيىتىدىكى رايونغا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئەتراپ جىمجىت، لېكىن بۇنداق جىمجىتلىق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ، ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇلار بىرقانچە ئون كىلومېتىر ماڭغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە گوللاندىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئارقىدىنلا برونېۋىك گاۋبىتسا زەمبىرەكنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان برونېۋىكنىڭ كەينىدىكى بىرنەچچە ۋاگونى رېلىستىن چىقىپ كەتتى. ھەربىي مۇخبىر سالاھىيىتى بىلەن كەلگەن چېرچىل جەڭگە قاتناشماي تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يارىدارلارنى قۇتۇلدۇرۇش ھەمدە توسۇلۇپ قالغان برونېۋىك ۋە ئەسكەرلەرنى ئوت كۈچىدىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. شۇ چاغدا ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ، زەمبىرەك ئاۋازى قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋاتاتتى. چېرچىل ئېڭىشكىنىچە پاراۋوزنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بارغاندا، يۈزى

يارىلانغان ماشىنىست قېچىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، شۇ چاغدا پۈتۈن خادىملار ئىچىدە پەقەت ئۇلا بىرونېۋىكنى ھەيدىيەلەيتتى. ئەگەر ئۇ بولمىسا، ھەممەيلەننىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ دەرھال ماشىنىستىنىڭ يارىسىنى تاڭدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ:

ــ بىر كۈندە بىر ئادەمنىڭ ئىككى قېتىم يارىدار بولۇشى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. مۇشۇ تۇرقۇڭدا ۋەزىپەڭنى ئورۇندايدىغان بولساڭ، چوقۇم كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن. بۇ ئاسان قولغا كېلىدىغان پۇرسەت ئەمەس! ــ دېدى. ماشىنىست دەرھال روھلىنىپ بىرونېۋىكنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بىلەن رېلىستىن چىقىپ كەتكەن ۋاگونلارنى ئاجرىتىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. چېرچىل ئون نەچچە ئادەمنى باشلاپ توسالغۇلارنى تازىلىدى. بۇ چاغدا ئۈز ئادەملىرى ئۇلارنى كۈچلۈك ئوت كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا دۈشمەنلىرىنىڭ تىرىك نىشانى بولۇپ قالدى. رېلىستىن چىقىپ كەتكەن ۋاگونلار ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، بىرقانچە ۋاگون چېتىلغان پاراۋوز مىڭ تەستە توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ كەتتى. چېرچىل جېنىنى ئېلىپ كېتىۋەرمەي، پاراۋوزدىن سەكرەپ چۈشۈپ قوماندان قاتارلىقلارنى ئىزدىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئالدى تەرەپتە تولۇق قوراللانغان ئىككى گوللاندىيە ئەسكىرى پەيدا بولدى. چېرچىل كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بىرونېۋىكنىڭ كەينىدىن چاپتى، ئەمما كەينىدىن «پاڭ، پاڭ» قىلىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. ئۇ جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ بىر سىم توردىن ئۆتتى ـ دە، يول ياسىغۇچى ئىشچىلارنىڭ كەپىسىگە قاراپ يۈگۈردى. بىراق، بەختكە قارشى ئالدى تەرەپتىن قولىدا مىلتىقى بار، سۇرلۇك بىر ئەركەك چىقىپ كەلدى. چېرچىل تەمبەل كەلگەن بۇ جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئەسكەرنى تاپانچىسى بىلەن جەھەننەمگە يوللىۋەتمەكچى بولۇپ بەل تاسمىسىنى سىلىۋىدى، تاپانچىسىنىڭ بايىقى

قالايمىقانچىلىقتا قاياقلارغىدۇر چۇشۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئەمدى تەسلىم بولماقتىن ئۆزگە چارە قالمىدى. قاپقارا مىلتىق ستۋولى ئۇنىڭغا تەڭلەندى. چېرچىل ناپولېئوننىڭ «بىر ئادەم يالغۇز، يەنە كېلىپ، قورالسىز قالغاندا تەسلىمچىلىكنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. بۇ چاغدا جەڭمۇ ئاخىرلىشىپ، بىرونېۋىك بىلەن قېچىپ كەتكەن ئەسكەرلەردىن باشقا ئەنگلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانىدى. چېرچىل ھايات ـ مامات سىنىقىغا دۇچ كەلدى، ئۇنىڭ ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇلۇپ، ناھايىتى تېزلا داقا ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ئېتىلىپ كېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇلار چېرچىلنى دەرھال ئېتىپ تاشلىمىدى. چۈنكى، ئۇلار مەشھۇر بىر ئاقسۆڭەك جەمەتىنىڭ بىر ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، قىساس ئېلىش نىيىتىنى قوزغاپ قويۇشنى خالىمىدى. ئۇلارنىڭ بىر ئوفىتسېرى ئۇنىڭغا:

— سەن ھەربىي مۇخبىر ئىكەنسەن، شۇنداقتىمۇ سېنى قويۇپ بېرىش ئويىمىز يوق. بىز ھەر كۈنى ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلىنى تۇتالمايمىز دېگىنە، — دېدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل پرېتورىيىگە يالاپ ئاپىرىلىپ بىر جازا لاگېرىغا سولاپ قويۇلدى.

چېرچىل تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەن بەرمەي، باشقا ئۇرۇش ئەسىرلىرى بىلەن بىللە تۈرمىدە قورallıq قېچىپ چىقىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. لېكىن، بۇ پىلان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. تۈرمىدىن كوللېكتىپ قېچىش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، چېرچىل يېقىن ئۆتىدىغان بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئايرىم ـ ئايرىم قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار سولاپ قويۇلغان قورۇ چاسا شەكىللىك بولۇپ، تاملىرى تۆمۈر رىشاتكا بىلەن تولۇقلىنىپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ

تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈش ئۈنچىلىك تەسكە چۈشمەيتتى، ئەمما مىلتىق تۇتۇپ ئارىلاپ يۈرگەن قاراۋۇللاردىن قۇتۇلۇش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. ئۇلار قايتا تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق كېچىدە چىراغ يۇتۇن قورۇنى يورۇتقاندا شەرق تەرەپتىكى تامنىڭ بۇلۇڭى قاراڭغۇ تۇرىدىغانلىقىنى، تامنىڭ يېنىدا بىر تەرەتخانىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى، ئەمدىكى مۇھىم ئىش، تەرەتخانا بىلەن قاراڭغۇ جاينىڭ ئارىلىقىدا قانداق قىلىپ قاراۋۇلنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلۇش ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇلار بىرقانچە قېتىم قاچماقچى بولۇپ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. 12 ـ كۈنى ئۇرۇنۇپ بېقىپ يەنىلا قاچالمىدى، ئاخىر چېرچىلنىڭ ئىچى تىتىلداپ ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغىنىغا قارىماي ئاخىرقى قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى ۋە قاراۋۇلنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، تەرەتخانىنىڭ ئىچىگە غىپپىدە كىرىۋالدى ـ دە، سەۋرچانلىق بىلەن پۇرسەت كۈتۈپ جىم تۇرۇۋالدى. ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بىر چاغدا بىر قاراۋۇل توساتتىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەمراھىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىككىيلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا قېچىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەنىدى. چېرچىل خۇشاللىقىنى زورىغا بېسىۋېلىپ بىر جازىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، بار كۈچى بىلەن تامنىڭ ئۈستىگە ياماشتى. بەكلا جىددىيلىشىپ كەتكەچكىمۇ، ئىككى قېتىم شۇنچە كۈچەپ ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كاتتى. ئۈچىنچى قېتىم بىرلا كۈچەپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پەسكە سەكرەپ چۈشتى. شۇ ئارىلىقتا 15 مېتىر نېرىدا سەرەڭگە يېقىۋاتقان بىر ئەسكەرنى كۆرۈپ قالدى.

تامنىڭ كەينى باغ ئىدى. چېرچىل بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئازراقمۇ بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ باغنىڭ دەرۋازىسىدىن چوڭ ـ چوڭ چامداپ چىقىپ كەتتى. دەرۋازا ساقلاپ تۇرغانلار ئۇنى تونۇيالمىدى، چېرچىل شۇ

www.uyghurkitap.com

ماڭغىنىچە ئارقىسىغا قاراشقىمۇ پېتىنالماي كېتىۋەردى. ھايال ئۆتمەي چەترەك بىر جايغا چىقتى، ئەمدى ئۇ زادى قاياققا قاراپ قېچىشى كېرەك؟ بۇ چاغدا شەھەرنىڭ بارلىق چىقىش ئېغىزلىرى قامال قىلىنىپ، كۆپلىگەن جەنۇبىي ئافرىقا ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇتۇش ئۇچۇن چارلاپ يۈرەتتى. بۇ جايىنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىنى، ئادەملىرىنى بىلمەيدىغان، ھەتتا يەرلىك تىلنىمۇ قىلچە ئۇقمايدىغان چېرچىلنىڭ يانچۇقىدا 75 فوندستېرلىڭ بىلەن تۆت پارچە شاكىلاتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ پويىزغا يامىشىپ چىقىپ، بۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايوندىن ئۆتۈپ، پورتۇگالىيە مۇستەملىكىسىگە قېچىپ بېرىۋېلىش قارارىغا كەلدى، ھايات قېلىشقا ئىنتىلىشتەك كۈچلۈك ئارزۇ ياش چېرچىلغا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئەركىنلىككە ئېرىشىش، ھەتتا غۇر ـ غۇر سوقۇۋاتقان كەچكى شامال ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى ئويىنىتىۋەتتى. ئۇ ئاستا كېلىۋاتقان يۈك پويىزىغا چىقىۋالدى ـ دە، كۆمۈر باسقان تاغارلارنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالدى. كۈندۈزى كۆمۈر چۈشۈرگىلى كەلگەنلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تاڭ سەھەردە پويىزدىن چۈشۈۋالدى.

چېرچىلنىڭ مۇنچىلىك ئەنسىرەپ كېتىشى ھەرگىز ئۇششۇقچە ئەمەس ئىدى. دەرغەزەپكە كەلگەن بۇرلار ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەكەلگۈچىلەرگە 25 فوندستېرلىڭ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان ۋە تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى. كۈندۈزى چېرچىل ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، دەرەخلىق ئىچىدە قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتۈپ مۆكۈپ ياتتى. چۈشكە يېقىن ھاۋا تونۇردەك ئىسسىپ كەتتى. زېمىن ئېغىر ئۇيقۇدا، ئەتراپ جىمجىت، ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. چېرچىلغا بىردىنبىر ھەمراھ بولۇۋاتقىنى يوغان بىر تازقارا ئىدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قورقۇنچلۇق بىر خىل شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك چىرقىراپ قوياتتى.

ئاخىر قاراڭغۇ چۈشتى، لېكىن بىرەر پويىزمۇ ئۆتمىدى. چېرچىل يورۇقلۇق كۆرۈنگەن تەرەپكە پىيادە ماڭماقچى بولدى. ئۇ بۇ ئەتراپتا ئىپتىمال گوللاندىيىلىكلەر ئۆچ كۆرىدىغان يەرلىكلەر تۇرىدىغاندۇ، شۇنداق بولغاندا بىرەر يېمەكلىككە ئېرىشكىلى ۋە دەم ئالغىلى بولار، دەپ ھۆكۈم قىلدى. چېرچىل يەرلىك تىلنى بىلمەيتتى، لېكىن يېنىدىكى فوندستېرلىڭنىڭ ئەسقېتىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئاچلىق ئازابىغا چىداپ، ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا بىر ھازاغىچە ماڭدى. لېكىن، چىراغ يورۇقىغا يېقىنلاشقاندا، بۇ يەرنىڭ يەرلىكلەرنىڭ كەنتى ئەمەسلىكىنى، بەلكى چوڭ كۆمۈر كان ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ خېلى زىددىيەتلىك كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈپ قارىسىغىلا بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. چېرچىل تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى. چۈنكى، بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، تاغ ئىچىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ قالدى. ئەسلىدە ئىشىك ئاچقان كىشى مۇشۇ 20 ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان دائىرىدىكى ئائىلىلىكلەر ئىچىدە چېرچىلنى جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغان بىردىنبىر ئەنگلىيىلىك مۇھاجىر ئىدى. ئەمدى چېرچىل ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان يالغان گەپلەرنىڭ ئوشۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمى جون ۋارد بولۇپ، كۆمۈر كېنىنىڭ دىرېكتورى ئىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى بىرقانچە ئەنگلىيىلىك ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ترانسۋالنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكەنىدى. چېرچىل بۇ يەردىكى مۇھاجىرلارنىڭ تۇرمىدىن قاچقان جىنايەتچىنى يوشۇرۇپ قالغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلانسىلا ئېتىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن:

ـــ ۋارد ئەپەندى، سىزنى ئۆزۈمگە چېتىۋېلىشنى خالىمايمەن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگەر مۇمكىن بولسا ماڭا ئازراق ئوزۇق بەرسىڭىز، مەن كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ دېڭىز ساھىلىغا كەتسەم، — دېدى ۋارد:

— ئەندىشە قىلماڭ. بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن. ھازىر كېتەلمەيسىز، چۈنكى ھەممىلا يەردە پايلاقچىلار بار. يۆتكۈل تۆمۈر يول سىزنىڭ ئىشلىرىڭىز بىلەن قالايمىقانلىشىپ كەتتى، — دېدى ۋە چېرچىلغا بىر بوتۇلكا ۋىسكى، پىشۇرۇلغان قوي پاچىقى ۋە دۈملەپ پىشۇرۇلغان كالا گۆشى بەردى. ئىككى كۈندىن بېرى تاماق يېمىگەن چېرچىل بۇ ئېسىل تائاملارنى كۆرۈپ تارتىنىپ ئولتۇرمايلا تويغۇچە يېدى. تاماقتىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئوبدانلا ئۆزىگە كېلىپ قالدى. ئەقىللىق ۋارد چېرچىلنى چوڭقۇرلۇقى 440 ئىنگلىزچىسى كېلىدىغان قۇدۇققا يوشۇرۇپ قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يەنى چېرچىلنىڭ ئەسىرلەر لاگېرىدىن قېچىپ چىققىنىنىڭ بەشىنچى كۈنى ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدىكى چۇقانلار بېسىقىپ قالدى. بۇرلارمۇ چېرچىلنى قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتتى، دېگەن قاراشقا كەلدى. ۋارد چېرچىلنىڭ قېچىش پىلانىنى تۈزۈپ بەردى: ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەنگلىيەپەرەس بىر گوللاندىيىلىك پاختا بېسىلغان ۋاگوننى ھەيدەپ دېراگو قولتۇقىغا كېلىدىغان، چېرچىل پاختا بېسىلغان شۇ ۋاگونغا يوشۇرۇنۇپ كۆزلىگەن مەنزىلگە كېتىدىغان بولدى. ئۇ دەسلەپ بۇ پىلاندىن گۇمانلاندى. لېكىن، ئادەم بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئامال قانچە؟ شۇ تاپتا چېرچىلغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تونۇمايدىغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرماقتىن ئۆزگە ئاقىلانە چارە يوق ئىدى. ئاخىر پويىز كەلدى. چېرچىل پاختا ئارىسىغا مۆكۈنۈپ جىم ياتتى. تەجرىبىلىك ۋارد ئۇنىڭغا بىر تاپانچا، كالا گۆشى، بولكا ۋە چايدان قاتارلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بەردى. 16 سائەتلىك سەپەر چېرچىلغا شۇنچىلىك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كەتتى، پويىزنىڭ بىر خىلدا تاراقشىپ مېڭىشىدىن ئۇنى ئۇيقۇ باستى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ

قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىدىغانلىقىنى، پويىز توختىسىلا خەقلەرنىڭ كۆرۈپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ھارغىنلىق شۇنچە كۈچىنى كۆرسەتسىمۇ قەتئىي ئۇخلىماسلىققا تىرىشتى. لېكىن، بىر چاغدا ئۆزىمۇ سەزمەستىن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى ۋە چۈش كۆردى: ئۇ لوندونغا بارغانمىش، ئورۇنشتا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنى زەپەر قۇچۇپ كەلگەن گېنېرال دەپ قىزغىن قارشى ئالغانمىش، ئاپىسى ئۇنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقانمىش»، توساتتىن پويىزنىڭ قولاقنى يارغۇدەك گۈدۈك ئاۋازىدىن چېرچىل چۆچۈپ ئويغىنىپ، قورقۇنچلۇق رېئاللىققا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى، پويىز ھەربىر بېكەتكە كەلگەندە چېرچىل بىر خىل قورقۇنچ ئىچىدە قالاتتى - دە، يېنىدىكى پاختا قاچىلانغان تاغارلارنى ئۇستىگە تارتىپ ئۆزىنى تېخىمۇ بەكرەك دالدىغا ئالاتتى، بۇرلار كېلىپ پاختا تاغارلىرىنى ئاختۇرۇپ قالارمۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم مۆكۈنۈۋالغان يېرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ بۇرلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقچىمۇ بولدىيۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. ئۇ بىر كىچىك بېكەتكە كەلگەندە بىر پورتۇگالىيىلىك ئەمەلدارنى كۆرۈپ قېلىپ، خۇددى قەپەستىكى قۇش ئاخىر ئەركىنلىككە ئېرىشكەندەك خۇش بولۇپ كەتتى. پويىز بېكەتكە كىرىشى بىلەن تەڭ يوشۇرۇنۇۋالغان جايىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى - دە، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالماي بار كۈچى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ ئاجايىپ بىر خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىپ، ئۆزىنىڭ قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

پويىز ئاخىرقى بېكەتتە توختىدى، چېرچىل بېكەتتىكى خىلمۇ خىل ئادەملەر توپىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېچىشىغا ياردەملەشكەن گوللاندىيىلىك بېكەتنىڭ چىقىش ئېغىزىدا ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. چېرچىلمۇ مەلۇم ئارىلىق

www.uyghurkitap.com

قالدۇرۇپ ئۇ گوللاندىيىلىكنىڭ كەينىدىن ماڭدى ۋە بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا كەلدى. ئۇ كۆكتە لەپىلدەپ تۇرغان ئەنگلىيە بايرىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى، شۇنداق قىلىپ، بېشىدىن نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتەرلەرنى كەچۈرگەن بۇ جەڭچى ئاخىر يېڭىۋاشتىن ئەركىنلىككە ئېرىشتى.

# ئۈچىنچى باب سىياسىي مەقسەتكە يېتەلمەسلىك

## 1. سىياسىي ساھەگە قەدەم قويۇش

ۋىنىستون چېرچىل ئارمىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئەنگلىيىگە تاراپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى. كىشىلەر گېزىتلەردە بېسىلغان چېرچىلغا ئائىت خەۋەرلەرنى بەس ـ بەستە ئوقۇدى. ئاخىر بۇ خەۋەرلەر جانلىق يېزىلغان ۋەھىمىلىك ھېكايىلەرگە، ۋىنىستون چېرچىل بولسا ۋەھىمىلىك ھېكايىدىكى باش قەھرىمانغا ئايلىنىپ قالدى.

چېرچىل لورېنسو ـ مارچۇئېستىن جەنۇبىي ئافرىقىدىكى دوربان پورتىغا كەلگەندە، ئۇرۇشتا زەپەر قۇچقان قەھرىماندەك قىزغىن قارشى ئېلىندى. ئۇ كېمىدىن چۈشۈپ قىرغاقتا تېخى قەدەم قويار ـ قويمايلا كىشىلەر توپى خۇددى كەلكۈندەك كېلىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى مۆھىم ئەربابلار كېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ياش قىز ـ چوكانلار بۇ سۆيۈملۈك ئادىمگە يۈگۈردىن توقۇغان نەرسىلەرنى مەردلىك بىلەن سوۋغا قىلىشتى. ياشىنىپ قالغان خانىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن سۈرەتلىرىنى بۇ شىر يۈرەك ياشقا ھەدىيە قىلىشتى. جەۋلان قىلىپ تۇرغان رەڭگارەڭ بايراقلار، مىغىلداپ يۈرگەن كىشىلەر توپى، قىزغىن كەيپىيات چېرچىلنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. ئۇ ئەينى يىللىرى خاروۋ مەكتىپىدىكى چاغلىرىنى ئەسلەپ قالدى. لېكىن، ئۇ كۈنلىرى ئەمدى كەلمەسكە كەتكەنىدى. چۈنكى، شۇ

www.uyghurkitap.com

تاپتىكى ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەردىن ئۇ تولىمۇ خۇشلۇققا چۆمگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرچىل ئەزەلدىنلا كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئىنسان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، چېرچىل ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ نەزىرىدىكى قەھرىمانغا، ياشلار چوقۇنىدىغان مەبۇدقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى ئەنگلىيە ئۇرۇش تارىخىدىكى «زۇلمەتلىك بىر ھەپتە» ئىچىدىكى بىردىنبىر يورۇقلۇق نۇقتىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ چىققان شۇ بىر ھەپتىدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى جەنۇبىي ئافرىقىدا قاتتىق زىيان تارتقان، چېرچىلنىڭمۇ يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشى شەكسىزكى، شۇ بىر ھەپتە ئىچىدىكى ئەڭ شانلىق ئىشلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

چېرچىلنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا قىلغان سەپىرى ئۇنى ئىككى قىسىملىق كىتاب يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن خام ماتېرىياللارغا ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پارلامېنتقا كىرىشى ئۈچۈنمۇ يول ھازىرلاپ بەردى. ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى سالىسبۇر 1900 ـ يىلى پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، تۆۋەن پالاتادا سايلام ئۆتكۈزۈشنى جاكارلىدى. كىشىلەر ئۇرۇش قەھرىمانى ھېسابلانغان چېرچىلنى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ نامزاتلىرىدىن بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىشتى، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى كۆپ سانلىق ئاۋازغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، سايلام رىقابىتى داۋامىدا چېرچىلنىڭ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ھەدەپ كەڭ تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى كىنەز مالبورو 400 فوندستېرلىڭنى سايلام رىقابىتى خىراجىتى ئۈچۈن بېرىدىغانغا ماقۇل بولدى، جوزېف چېمبېرلىنمۇ سايلام رايونىغا بېرىپ چېرچىلنى قوللىدى. ئاخىر چېرچىل ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىي مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، ئۇ شۇ قېتىمقى

سايلامدا ئاجىز بولغان كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن پارلامېنت ئەزاسى بولدى.

كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكىلەر ئۆز پارتىيىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چېرچىلنىڭ ھەممىلا يەردە نۇتۇق سۆزلىشىدىن تولۇق پايدىلاندى. ئۇلار ئۇرۇش قەھرىمانى توغرىسىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەر بىلەن چوقۇم كىشىلەرنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە بولغان ئىشەنچى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قاراشتى. چېرچىلمۇ نۇتۇق سۆزلەشنى نام ۋە مەنپەئەت جەھەتتە تەڭلا پايدا ئالىدىغان ئوبدان پۇرسەت دەپ بىلدى. ئۇ بۇ چاغدا 4000 فوندستېرلىڭدىن كۆپرەك قەلەم ھەققى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ پۇل كېيىنكى سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن تېخى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، سىياسىي جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەھكەم ئاساس تىكلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ مەملىكەت ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئەنگلىيىلىكلەر بىلەن بۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى تېما قىلىپ كۆپلەپ نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتۇق سۆزلەش ئۇنىڭ سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ھەمىيىنىنىمۇ پۇل بىلەن توشقۇزدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل ئۆزىنىڭ سۆز ئارقىلىق تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە مەقسىتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئاشكارا ھالدا تاۋلىدى ۋە يۇقىرى كۆتۈردى. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ئۈچ ئارىلىنى قوغداش ۋاقتىدا قىلغان ئادەملەرنىڭ قەلبىنى تىترىتىپ، چەكسىز ھاياجانلاندۇرغان نۇتقى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. كېيىن چېرچىل ئامېرىكا ۋە كاناداغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەپ جەمئىي 10 مىڭ فوندستېرلىڭدىن كۆپرەك پۇل تاپتى.

چېرچىل نۇرغۇن ئىقتىسادىي دەسمايىگە ئىگە بولدى. بۇ ئۇنىڭ سىياسىي ساھەدە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئارقا تىرەككە ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

چېرچىل بىر ئۆمۈر تارىخنى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن قەھرىمانلار يارىتىدۇ. دېگەن ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئۆزىگە تولۇق ئىشىنەتتى ۋە پەيتى كەلگەندە ئاشۇنداق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ رولىنى جەزمەن جارى قىلدۇرىمەن دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پارلامېنتقا كىرىش ۋەزىر بولۇش ئۈچۈن، ۋەزىر بولۇش باش ۋەزىر بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

چېرچىل ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەن پالاتىغا كىرىپ، تۆتىنچى كۈنىلا ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق نۇتقىنى سۆزلىدى. ئۇنىڭ نۇتقى ئولتۇرغانلارنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېڭى پارلامېنت ئەزالىرى تۆۋەن پالاتاغا كىرگەندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلەشكە بولمايتتى، ئۇلار ئاز دېگەندە بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن نۇتۇق سۆزلىسە بولاتتى. چېرچىلنىڭ بۇ كونا قائىدىگە قارامىلىق ۋە تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن قارشى چىقىشى كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان قىلدى. چېرچىلنىڭ تۇنجى قېتىملىق نۇتقى ھەر ھالدا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. زور كۆپ ساندىكى كونسېرۋاتىپلار ۋە لىبېرالىستلار بۇ قەھرىمان ياشقا قىزغىن ئالقىش ياغدۇراتتى. ئەزەلدىن ئۇرۇشقا قىزىقىدىغان چېرچىل تۇرۇپلا قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرى ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي خىراجەتنى كۆپەيتىش توغرىسىدىكى پىلانىغا قەتئىي قارشى چىقتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەتكە ئۆزىنىڭ مۇھىم ئەرباب ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى.

1903 ـ يىلى چېمبېرلىن «چېگرا بېجى توسۇقى»نى «ئەركىن سودا» ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي سىياسەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، كۈچلۈك چېگرا بېجى ئىتتىپاقى ئارقىلىق مەملىكەت ئىچىدىكى بازار ۋە سانائەتنى قوغداپ قېلىشنى كۆزلىدى. ئەينى چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى سودا ساھەسىدىكىلەر «چېگرا بېجى توسۇقى»غا ئىشەنمەي، «ئەركىن

سودا تۇزۇمى»دىن ۋاز كېچىشكە كۈچلۈك قارشى تۇردى. باش ۋەزىر بالفوۋرمۇ كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. چېرچىل ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئەينى يىللىرى چېمبېرلىن ئۇنى كۈچلۈك قوللىغان بولسىمۇ، دەرھال ئۆكتىچىلەر تەرەپتە تۇردى. 1903 ـ يىلى چېمبېرلىن ۋە ئەركىن سودىنى تەشەببۇس قىلغان بارلىق ۋەزىرلەر خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. بالفوۋر يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە تۇتۇندى. چېرچىل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن يېڭى ھۆكۈمەتكە كىرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇبدان پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى. لېكىن، نەتىجە چېرچىل ئۇچۇن ئېيتقاندا خۇددى سۈزۈك ئاسماندا چاقماق چاققاندەك بولدى، باش ۋەزىر بالفوۋر زېھنىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىستېبداتلىق بۇ ياشنى ھۆكۈمەتكە قوبۇل قىلمىدى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» چېرچىل ئويلىنىپ قالدى.

ئۇنىڭ ماڭىدىغان يولى بەكلا قىيىنلىشىپ كەتتى. ئەمدى ئاچال ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرۇشقا ھەرگىز بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ بۇ ئاكتىپ ئەزاسى قاتتىق جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىر لىبېراللار پارتىيىسىگە كۆز تىكتى. «خۇداغا شۈكۈر، بىزدە لىبېراللار پارتىيىسى بار ئىكەن!» مانا بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلاردا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدىكى ئاخىرقى سۆزى.

1904 ـ يىلى چېرچىل كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىن رەسمىي ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرىدا يېڭى مەزمۇنلار ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بىلەن لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلەش مۇنبىرى ئاستىدىن قوزۇپ كەتكەن بىر پارچە بولكىنى ئالدىرىماي ئالدى، پەستە ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتقانلار چېرچىلنىڭ غەلىتە قىلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چېرچىل قولىدىكى بولكىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ تۇرۇپ كىشىلەرگە:

— ئەگەر كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، كۆپچىلىك مانا مۇشۇنداق كىچىك بىر پارچە بولىكىغا ئېرىشەلەيدۇ، — دېدى، ئارقىدىنلا يوغان بىر پارچە بولىكىنى ئېلىپ، — ئەگەر ئەركىن سودىدا چىڭ تۇرىدىغان بولساق، سىلەر مانا مۇشۇنداق يوغان بولىكىغا ئېرىشەلەيسىلەر، ئۇنداقتا ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەيدىغان ئەنگلىيە خەلقى قايسى پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تاللىشىڭلار كېرەك؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

ھاياجانلىنىپ تۇرغان كىشىلەر جاۋاب بەرگۈچە، چېرچىل قىلچە ئىككىلەنمەستىن، يوغانراق بولىكىنى ئىككى چايناپلا يۇتۇۋېتىپ، بۇنىڭغا ئوبرازلىق ھالدا جاۋاب بەردى.

شۇ قېتىمقى نۇتۇقتىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چېرچىل لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى راۋخ گېئورگې بىلەن بىر يولدا ماڭدى. كېيىن، ئۇلار چىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ئوبدان ماسلىشىپ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلدى. يېقىن دوستلىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككىيلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەتكە كىرىپ ۋەزىر بولدى. بۇنداق ئامەت باش ۋەزىر بالفوۋر خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرگەندىن كېيىنلا چېرچىلغا نېسىپ بولدى. بالفوۋرنىڭ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئون يىل ھاكىمىيەت سورىغان دەۋرىگە خاتىمە بەردى. دېمىسىمۇ، چېرچىلنىڭ يەنە بىر پارتىيە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئاقىلانىلىك بولغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە چېرچىل سىياسىي ساھەدە ئامەتى كېلىپ تېز ئۆستى. يەنى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ 2 ـ ئەمەلدارى، سودا ۋەزىرى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەندى.

ئىشلار دائىم تاسادىپىيلىققا باي كېلىدۇ. بۇ ئېھتىمال 18 ملىڭ ئالەمنىڭ قانۇنىيىتى بولسا كېرەك، چېرچىل مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ 2 ـ ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن مەزگىللىرى مۇھىم مەسىلە بۇرلار جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى مەسىلىسى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاددىي راق ئۆتكۈزۈلگەن خۇسۇسىي زىياپەتتە، بۇرلار دېھقانلىرىنىڭ رەھبىرى لوئىس باۋسا ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. هاراققا ئامراق چېرچىل بىرنەچچە رومكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىۋەتتى. كەيپى تازا ئۆرلىگەندە بۇ مېھمانغا جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىك جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. باۋسا ئەپەندى باشتىن بىرەر ئېغىز گەپ قىستۇرماي، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. گەپكە ئۇستا چېرچىل ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن تېخىمۇ توختىماي سۆزلەپ، مېھماننىڭ سۆزلىشىگە زادى ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى باۋسا ئەپەندىگە سۆزلەشلىرى تۆۋەن پالاتادا نۇتۇق سۆزلىگىنىدىن قېلىشمايتتى. چېرچىل گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باۋسا ئەپەندى:

— جانابلىرى، سىز مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنى ئەسىرگە ئالغان ھېلىقى ئېگىز بوي، قارىمۇتۇق ئادەم بولىمەن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ. چېرچىل ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەي، خۇددى ئالدىدىكى بۇ مېھماندىن قانداقتۇر بىر مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، باۋسا ئەپەندىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇ يارىشىملىق، ئېسىل كىيىم كىيىۋالغان بۇ جانابنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى باتۇر، چەبدەس بىر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى زادىلا تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرالمىدى، چېرچىلنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدىن سەل ئوڭايسىزلانغان باۋسا ئەپەندى ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ ناماقۇللۇق بىلدۈردى. چېرچىلمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئېچىلىپ كۈلگەن ئاۋازى ئەتراپتا ئۇزۇنغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. بۇ كۈلكە

بىلەن تەڭلا بارلىق شاپائەت ۋە ئاداۋەت يوقاپ، ئىككىيلەننىڭ دوستلۇقى ئىنتايىن كۈچىيىپ كەتتى. كېيىنكى ئالاقىلىشىش داۋامىدا ئۇلارنىڭ دوستلۇقى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئۆتمۈشتىكى رەقىبلەر يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

چېرچىل سودا ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن ھوقۇق دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. ئۇ سودا مەسىلىسىگە مەسئۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سانائەت، ترانسپورت، ئىشچىلار مەسىلىسى ھەمدە پاتېنت ۋە ئاپتورلۇق ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ مەسئۇل بولدى. بۇ چاغدا چېرچىلنىڭ ئىشخانىسىنىڭ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇشى ئازراق ئۆزگەردى: نەزىرى ئۆتكۈر ئادەملەر بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ناپولېئوننىڭ مىستىن ياسالغان كىچىك بىر ھەيكىلى قويۇلغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. كېيىن بۇ ھەيكەل ئىگىسى بىلەن بىللە بىر مىنىستىرلىقتىن يەنە بىر مىنىستىرلىققا يۆتكىلىپ يۈردى. ئېنىقكى، ئۇ ناپولېئوننى ئۆزىنىڭ كۈرەشتىكى ئۈلگە قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، شەخسكە چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئۇنىڭ قەلبىدە خېلى بۇرۇنلا بىخ ئۇرغانىدى. ئۇ جەنۇبىي ئافرىقا ئۇرۇشىدا ناپولېئوننىڭ بىر جۈملە ھېكمەتلىك گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ، مەردانىلىك بىلەن باۋسانىڭ ئەسىرى بولغانىدى. ھوقۇقنىڭ چوڭىيىشى ئۇنى ھەر جەھەتتىن چېنىقتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۆپ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ كۆڭلىگە چوڭ ئىشلارنى پۈتكەن چېرچىلغا زۆرۈر ئىدى. ئۇ كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئىسلاھات قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نامى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتتى. بۇ مەزگىللەردىكى ئۇ ھەققەتەن بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى: «خىزمەتكە تونۇشتۇرۇش ئورنىنىڭ قانۇنى» بىلەن «ئىشسىزلارنىڭ سۇغۇرتا قانۇنى»نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئىسلاھات بولدى. خىزمەتكە

تونۇشتۇرۇش ئورۇنلىرى ئىشسىزلارنىڭ خىزمەت تېپىشىغا، كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى يالللىشىغا ياردەم بەردى. ئەمگەك جەھەتتە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىشسىزلىق ئېلىپ كەلگەن ۋەھىمىنى ھەمدە شۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولماسلىق ئامىللىرىنى ئازايتتى. «ئىشسىزلارنىڭ سۇغۇرتا قانۇنى» ياشانغانلار، مەجرۇھلار ھەمدە باشقا ئىشسىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇردى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى.

1910 ـ يىلى چېرچىل ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىك ئورنىغا چىقتى، بۇ مۇھىم ئورۇن بولۇپ، ئۇ يېزا ئىگىلىكى، بېلىقچىلىق، قاتناش، كانچىلىق، ترانسپورت، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، جامائەت ئەخلاقى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئىدى. دۆلەت ئىچىدىكى تۈرمىلەر، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر لاگېرى ھەمدە لوندون ساقچى ئىدارىسى ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا قارايتتى. ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى پارلامېنت سايلىمىنى تەشكىللەشتىمۇ مۇئەييەن ھوقۇققا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، پادىشاھنىڭ جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشى توغرۇلۇقمۇ تەكلىپ بېرەلەيتتى. لېكىن، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ كۈنلىرى ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ئۆتەتتى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللىرى خىزمەتنى ناھايىتى ئاكتىپ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلمىدى، ئەكسىچە، كىشىلەر ئۇنى جاھىل دۈشمەن دەپ قارىدى. بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئىش تاشلاش ھەرىكەتلىرى ۋە ئاياللار پائالىيىتىنى قوراللىق باستۇرغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەڭ قىزىقى، «مەرۋايىت دۇكىنى ۋەقەسى». 1910 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى 12 قارا نىيەتچى تەلۋىلىك قىلىپ، بىر مەرۋايىت دۇكىنىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار قوراللىق بۇلاڭچىلىق قىلماقچى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن ئۈچ نەپەر ساقچى نەق مەيداندىلا ئۆلتۈرۈلدى. قالغان ئۈچ نەپەر ساقچى ئېغىر يارىدار بولدى. قارا نىيەتچىلەر قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتتى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن لوندوندا چوڭ غۇلغۇلا پەيدا بولدى. لوندون ساقچىلىرىنىڭ ئوبرازى شەھەر خەلقىنىڭ نەزىرىدىن بىراقلا چۈشۈپ كەتتى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى چېرچىلنىڭ يۈزىمۇ ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ دېلونى ئۆزى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىپ، قاتىللارنى قولغا ئېلىشقا قەسەم قىلدى. 1911 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چېرچىل «مەرۋايىت دۇكىنى ۋەقەسى»نى پەيدا قىلغۇچى قاتىللار سىدنى كوچىسى 100 ـ نومۇرلۇق قورۇدا، ھازىر ئۇلار مۇھاسىرىگە ئېلىندى. جىنايەتچىلەرنىڭ پات ـ پات ئوق چىقىرىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇلار خېلى كۆپ ئوق ـ دورا تەييارلىۋالغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئىشەنچلىك خەۋەر تاپشۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى. بىر پەستىلا سىدنى كوچىسىغا بىرقانچە يۈز ساقچى ۋە ئەسكەرلەر كېلىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. جىنايەتچىلەرنىڭ ئوت كۈچىنى بېسىۋېتىش ئۈچۈن، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىدىن مەخسۇس زەمبىرەك ئەكەلدۈردى. چېرچىل بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ ئۇچىسىغا ھەربىي پەلتو كىيىپ، قاتتىق سوغۇققا قارىماي، نەق مەيدانغا كېلىپ قاتىللارنى تۇتۇشقا قوماندانلىق قىلدى. ئۇ دەرھال جىددىي ھەرىكەت قوللىنىپ، ياردەمگە كېلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ بۇ يەرگە سالامەت يېتىپ كېلىشىگە قانداق كېپىللىك قىلىش، ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئوق چىقىرىۋاتقان ئۆينى قانداق ئىگىلەشنى مۇزاكىرە قىلدى... ئۇ تېخى ھەربىي پىلاننى تولۇق تۈزۈپ

بولغۇچە، قاتىللار كىرىۋالغان ئۆي زەمبىرەك ئوقىدا ئوت ئېلىپ، ئىس ــ تۈتەك ئاسمان ــ پەلەك كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بىر پەستىلا ئۆي كۆيۈپ كۆلگە ئايلىنىپ كەتتى، ئەسكەرلەر ئاخىر ئوتتا كۆيۈپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئۆيىنىڭ خارابىسىدىن كۆيگەن ئىككى جەسەتنى تېپىپ چىقتى، ئەسلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرىنىڭ شەخسەن قوماندانلىقىدىكى ساقچىلار ۋە زەمبىرەك بىلەن قوراللانغان قوشۇننىڭ قۇدرەتلىك ئوت كۈچى ئاران ئىككى نەپەر «قەيسەر دۈشمەن»گە تاقابىل تۇرغانىدى. كېيىن، كىشىلەر بۇ ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ چېرچىلنى قاتتىق مەسخىرە قىلغاندا، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن:

ــ بۇ بىر خىل ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىش، ــ دېدى.

چېرچىلنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا يۈرگۈزگەن بىر قاتار تەدبىرلىرى كىشىلەرنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە ۋە قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى. چۈنكى، ئەنگلىيىدە خېلى بۇرۇنلا مۇرەسسە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىش تاشلاش ۋە باشقا ھەرىكەتلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنە شەكىللەنگەنىدى. ئۇ قاتتىق ۋاستە قوللىنىشنى مۆتىدىل ئۇسۇلنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى، چېرچىل ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا كەلگەندىن باشلاپ ئەنگلىيە ساقچىلىرى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. لېكىن، ئەنگلىيە ھۆكۈمران سىنىپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ ئىشەنچلىك قوغدىغۇچىسى، دەپ قارىدى. ئەنگلىيىدە ئۇلار مۇشۇنداق تۆمۈر قول ئادەملەرگە موھتاج ئىدى.

## 2. كىچىككەن مۇھەببەت

چېرچىل سىياسىي ئىشلاردا شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۇنداقتا ئۇنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى قانداق؟ بۇ ئۇنىڭ ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى ۋە دوست ــ ئاغىنىلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەسىلە بولۇپ قالدى، نېمىلا دېگەن بىلەن چېرچىل 30 ياشتىن ئېشىپ قالغانىدى.

چېرچىل ئىنتايىن پائالىيەتچان شەخس ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان بىر قىسىم ياش قىزلار مەستخۇش بولۇپ كېتەتتى؛ ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ۋە تەۋەككۇلچىلىك كەچۈرمىشلىرىدىن بەزى رومانتىك قىز - چوكانلار ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ چوقۇناتتى. ئۇنىڭ سىياسىي ۋە يېزىقچىلىق جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۆپلىگەن قىزلار فانتازىيىلىك خىياللار قاينىمىغا غەرق بولاتتى. شۇڭا، تالاي قىزلار ئۆزلۈكىدىن ئۇنى ئىزدەپمۇ كەلدى. لېكىن، چېرچىل ئىزدەپ كەلگەنلەرگە ئۇنچىلىك قىزىقىپ كەتمىدى، ئۇ ئايال كىشىلەرگە ۋە ئىشق - مۇھەببەتكە ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى بالدۇرلا سەرپ قىلىۋېتىشنى خالىمايتتى. تاغىسى سىر بېرندفوردنىڭ ئىشق - مۇھەببەتتىكى رومانتىك تارىخىدىن مۇھەببەت ئىشىغا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، بىر ئادەمنىڭ سىياسىي ئىستىقبالىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۆتكەنكىنى كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش كېرەك. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ھەرگىز ماڭمىدى. ئۇ تازا ياشناپ - گۈللەۋاتقان گۈزەل ياشلىق چاغلىرىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولدۇرماقچى بولدى، ياش چېرچىل پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى خىزمەتكە قاراتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا ئوقۇيتتى، يېزىقچىلىق قىلاتتى. قىسقىسى، سىياسىي پائالىيەت، كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق قىلىش ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تولۇق مەزمۇنى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ راھەت - پاراغەت بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە ۋە ھاياتلىقنىڭ بارلىق ئاسايىشلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىدىغان ياشلارغا ئوخشاش، كۈن بويى ئادەتتىكى كۇلۇبلارغا بېرىپ ئويۇن - تاماشىغا بېرىلمەيتتى. سىياسىي كۇلۇبلار ئۇنىڭ داۋاملىق بارىدىغان سورۇنى ئىدى. ئۇ بۇنداق

سىياسىي سورۇنلاردا قىزىقارلىق سىياسىي مەسىلىلەرنى ئاڭلايتتى. ھەتتا بەزى چاغلاردا كەسكىن بەس ـ مۇنازىرە قىلىپ كېتەتتى ــ ئۇ ئۆزى يازغان «ساۋرولا» رومانىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا سادىق بولدى. «ساۋرولا تانسا ئوينىمايتتى.» شۇڭا، ئۇ ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ ئويۇن ـ تاماشىلىرى ۋە تانسىلىرىغا زادى بېرىلمىدى. ھىندىستاندىكى ۋاقتىدا بىلىمگە بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالغان چېرچىل ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇدى. نۇرغۇن كىتابلاردىن بىلىمنىڭ شېرىن ـ شەربەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. سىياسىي ساھەگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭا، بوش ۋاقىتلىرى بولسىلا تىنماي كىتاب ئوقۇدى. ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى قەيەرگە بارسۇن، كىتاب، قەلەم ۋە خاتىرە دەپتەرلەرلىق قاچىلانغان كىچىكراك بىر مېتال ساندۇقنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. بوش ۋاقىت بولسىلا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىتاب ئوقۇيتتى ۋە يېزىقچىلىق قىلاتتى.

لېكىن، 1908 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى گېزىتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەر بېسىلدى. چېرچىل بىلەن ياش، چىرايلىق كلېمىنتىنا خوسئانىڭ توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلىك خەۋىرى شەكسىزكى پارتلاش خاراكتېرلىك خەۋەر بولدى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى تۇيۇقسىز بىلگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەم چۆچۈپ كەتتى، ھەم خۇشال بولدى، چېرچىلغا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن قىزلار خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شۇنچىلىك ھەسەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى. شۇ چاغدا كلېمېنتىنا 23 ياشلاردا بولۇپ، مېھرىبان، نازاكەتلىك، قەددى ـ قامەتى كېلىشكەن، ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ساھىبجاماللاردىن ئىدى. گەپ ـ سۆزلىرى يۇمۇرلۇق، فرانسۇزچە ۋە نېمىسچىنى سۇدەك سۆزلىيەلەيدىغان، تولىمۇ بىلىملىك قىز ئىدى. شۇنىڭدەك، ئۇمۇ سىياسىي ئىشلارغا بۆلەكچىلا قىزىقاتتى. بۇ جەھەتتە شەكسىزكى،

چېرچىلنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى بولالايتتى. كلېمېنتىنا كەمبەغەلرەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دادىسى دراگۇن پولكىنىڭ باشلىقى بولغان، ئاپىسى ئىرلاندىيە - شوتلاندىيىدىكى مەشھۇر ئاقسۆڭەكنىڭ قىزى ئىدى.

چېرچىل بىلەن كلېمېنتىنا تاسادىپىي پۇرسەتتە تونۇشۇپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى پۈتۈنلەي رومانتىك مۇھەببەت رومانى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ يىلى يازدا چېرچىل بىر نەۋرە ئىنىسى بىلەن روئوتلۇند دېگەن جايدا دەم ئېلىپ يۈرگىنىدە بىر ئوت ئاپەتتى يۈز بەردى، شۇ كۈنى كېچىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چېرچىل ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى - دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى بىر ئۆي گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتاتتى. ھەيۋەتلىك ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا سۇرلۇك تۇس ئالغانىدى. گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت بىلەن كىشىلەرنىڭ قىيا - چىيالىرى قوشۇلۇپ جىمجىت كېچىنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق قىلىۋەتكەنىدى. چېرچىل دەرھال كىيىملىرىنى كىيىپ نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۆي پۈتۈنلەي قويۇق ئىس - تۈتەك ۋە ئوت ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئوت يالقۇنى ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە خۇددى يىلاندەك ۋىژىلداپ، شامالدا تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ تورۇسىنى كۆيدۈرۈپ بولغان ئوت ئەتراپقا يامراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىگەن، نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان ئۆي ئىگىسى گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئۇلتۇرغىنىچە يىغلاپ كەتكەنىدى. چېرچىل جاسارەت بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەربىيلەرگە خاس ئىستىل ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ خەۋپتە قېلىشىغا قارىماي، بىرنەچچە قېتىم لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئۆي

ئىچىدىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى سىرتقا ئاچىقتى. ئۇ يەنە بىر قېتىم گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن قىممەتلىك نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئاچىقىپ تۇرۇشىغىلا، ئۆينىڭ تورۇسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. ئەگەر چېرچىل بىر سېكۇنت كېچىككەن بولسا، خىش ـ كېسەكلەر ئاستىدا قېلىپ جەھەننەمگە راۋان بولغان بولاتتى.

چېرچىلنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھى ۋە ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھەرىكىتى ياش، چىرايلىق قىز كلېمېنتىنانىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئۇ دەرھال چېرچىلغا تېلېگىراممىا يوللاپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتى ئىككىيلەننى تونۇشتۇردى. بىر پارچە تېلېگىراممىا ئىككىيلەننىڭ قەلب رىشتىنى بىر ـ بىرىگە باغلىدى. سىياسىي ئىشلارغا ئورتاق قىزىقىش ۋە بىر ـ بىرىدىن لەززەت ئېلىش ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. ھەممە ئىشلار ھېچقانداق شەپە چىقارمايلا ئۆز يولىدا جىمجىت تەرەققىي قىلىپ باردى.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئەزاسىنىڭ تويى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. ئەنگلىيە پادىشاھى مالبورو جەمەتىنىڭ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بىر ھاسىنى تويىنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا تەقدىم قىلىپ، بۇ تويىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى.

تويدىن كېيىن ئەر ـ خوتۇنلار شېرىن ئاينى ئۆتكۈزۈش سەپىرىگە ئاتلاندى. ئۇلار ئالدى بىلەن برونخېيمغا بېرىپ كىنەز مالبورونى زىيارەت قىلدى. ئاندىن شۋېتسارىيە ۋە ئىتالىيىگە باردى. شېرىن ئايلار تاتلىق بولغىنى بىلەن، ئەمما ئالدىراشچىلىقتا تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، چېرچىل ھەرقانداق چاغدىمۇ سىياسىينى ۋە يېزىقچىلىقنى ئۇنتۇمايتتى. ھەرقانداق چاغدىمۇ تەۋەككۈلچىلىك ۋە كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلارنى ئىزدەپ تېپىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مەيىن دولقۇنلىنىپ تۇرغان ۋېنېتسىيە قانىلىغا بارغاندا ئىشق ـ

مۇھەببەتكە بېرىلىپ كەتكەن باشقا ياشلارغا ئوخشاش ھەشەمەتلىك خانىلىرى بار سەيلە كېمىسىگە ئەمەس، ئادەتتىكى ماتورلۇققا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلدى. ياش كىلېمېنتىنا دائىم بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك ھەرىكەتلەردىن قورقۇپ ئىختىيارسىز ئېرىنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتەتتى.

ۋىنستون چېرچىل 33 ياشقا كىرگەن چېغىدا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە كۆڭۈللۈك ئائىلىسىگە ئىگە بولدى، سىياسىي جەھەتتىمۇ ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەينى يىللىرىدىكى كەپسىز، شوخ ئۆسمۈر مانا ئەمدى چوڭ بولدى، ئەينى يىللاردىكى بالىلىقى تېخى كەتمىگەن ھەربىي مۇخبىر ئەمدى پىشىپ يېتىلدى. بۇ چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا مول ھوسۇل ئالغان مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. بەربات بولغان دېڭىز ئارمىيە چۈشى

1911 ـ يىلى پۈتكۈل خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۈستىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، ئۇرۇش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. شۇ يىلى ئىيۇلدا گېرمانىيە پادىشاھى ۋىلھېلىم II «يىلپىز» ناملىق زەمبىرەكچى كېمىگە ئولتۇرۇپ ماراكەشكە كەلدى. بۇ ئىش ئەنگلىيىدە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. كابىنېت ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى راۋخ گېئورگې گېرمانىيىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئەگەر گېرمانىيىلىكلەر ئەنگلىيىلىكلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان بولسا، ئەنگلىيە كۈرەشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدۇ» دېدى. چېرچىلمۇ گېرمانىيىلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇرغانلىقىدىن ئىبارەت بىر خۇلاسىگە ئېرىشتى. «يىلپىز» ناملىق زەمبىرەكچى پاراخوتنىڭ ماراكەشكە كېلىشى ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى.

شۇ مەزگىللەردىكى چېرچىل دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي مەسىلىلەرگە بارغانسېرى كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالدى. ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ۋە قورۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقى بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلاپ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن «ئۆزىمىزنىڭ قورۇقلۇقتىكى ھەربىي ھەرىكەت مەسىلىسى» ناملىق باياننامىنى يېزىپ چىقتى. بۇ ھەربىي باياننامە باش ۋەزىر ئاسكۋىتقا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئەزالىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. باياننامىدىن قاتتىق ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىنىڭ چېرچىلغا كۆرسەتكەن تەسىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتە قەدەممۇ قەدەم پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئۇرۇش بولۇتلىرى ئەتراپنى قاپلىغان ئەھۋالدا دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تەشكىلىي ۋە قوراللىنىش جەھەتتە تەلەپتىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتتى، دېمىسىمۇ، ھەربىي جەھەتتىكى شۇ سەۋىيە بىلەن كەلگۈسىدىكى يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشتا ئۆز زېمىنىنى قوغداش تەلىپىگە ھەرگىز يەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئەمدى دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقى كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە بىر ئادەمنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا موھتاج ئىدى. چېرچىلنىڭ باياننامىدە ئىپادىلىگەن تالانت ئىگىلىرىدەك ھەربىي ئىدىيىسى ۋە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرلىكىنى ئۆتىگەن مەزگىللىرىدە ئىشچىلار مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى قاتتىق قوللۇقى، كەسكىنلىكى كابىنېت ئەزالىرىنى ئىختىيارسىزلا چېرچىل ئەڭ مۇۋاپىق نامزات، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويدى. باش ۋەزىر ئاسكۋىت چېرچىلدىن پىكىر ئالغاندا، ئۇ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چېرچىل ئەزەلدىنلا «مېنىڭ ھاياتىم زەمبىرەك

ئوقلىرى ئۇچۇپ يۈرگەن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا تاۋلانغان. شۇڭا، دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى بولغاندىن كېيىن، چوقۇم نىيــنى ئىشلارنى قىلالايمەن» دەپ قارايتتى.

چېرچىل دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا كېلىپلا شتاب خادىملىرىنىڭ نۆۋەتچىلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شتاب خادىملىرى گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق كۆزەتتى ھەمدە ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىياتىنى ئۆز ۋاقتىدا چېرچىلغا مەلۇم قىلىپ تۇردى. ئۇ ئارقىدىنلا «ئىنگىستىلىس» ناملىق ماتورلۇق قېيىققا ئولتۇرۇپ، دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ بارلىق مۇھىم بازىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەرقايسى بازىلاردىكى فلوتلارنىڭ شتات ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى ھەمدە بار بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەپسىلىي ئىگىلەپ چىقتى. شۇ چاغدىكى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى دۇنيادىكى ئەڭ زور دېڭىز ئارمىيە كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئەزەلدىنلا ئۆزىنى «دېڭىز زومىگەرى» دەيتتى.

چېرچىل چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچكە ئىگە بولدى. ئۇ زور كۈچكە ئىگە بۇ فلوتنى دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك فلوتقا ئايلاندۇرۇپ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشلاردا گېرمانىيىنى تېز سۈرئەتتە مەغلۇپ قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ، «دېڭىز زومىگەرى» دېگەن نامنى ئالەمگە تونۇتماقچى بولدى. ئەلۋەتتە، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇشكۈلاتلارنى يېڭىشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە بالدۇرراق يەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن چېرچىل دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى فىشېر بىلەن بىرلىشىپ، كادىر ئىشلىرى ۋە تېخنىكىلىق قورال ـ جابدۇقلار جەھەتتە دادىللىق بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئۇ كادىر ئىشلىرى جەھەتتە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى دوراپ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىدىمۇ شتاب

تەسىس قىلدى ھەمدە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ۋە ئىدىيىسى قاتماللىشىپ قالغان بىر قىسىم باشلىقلىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئىسلاھات بىر قىسىم گېنېراللارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ھەممە ئۇزۇل - كېسىل ئىجرا قىلىندى. ھەربىي قورال - ياراغ جەھەتتە فىشېر بىلەن بىرلىشىپ ئىككى چوڭ ئىسلاھات ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن قورال - ياراغلارنىڭ ئۆلتۈرۈش، ياردار قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي پاراخوتلارنىڭ سۈرئىتى ۋە جانلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېقىلغۇغا ئىشلىتىدىغان كۆمۈرنىڭ ئورنىغا نېفىت ئالماشتۇردى. بۇ ئىككى تۈردىكى ئىسلاھات ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ كۈچىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىدى ۋە كۈچەيتتى؛ ئەمما، ئىسلاھات بىلەن تەڭ ھەربىي خىراجەتمۇ ئېشىپ كەتتى.

1914 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاۋسترو ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تەخت ۋارىسى فېردىناند سېربىيىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋەقە 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. ئاۋسترو ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى گېرمانىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا سېربىيىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. ئارقىدىنلا رۇسىيە ئاۋسترىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. گېرمانىيىمۇ رۇسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. كېيىن فرانسىيە، ئەنگلىيەلەرمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ رۇسىيە تەرەپتە تۇردى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ئىككى جاھانگىر لاگېر ئوتتۇرىسىدا ئومۇميۈزلۈك پارتلاپ، پۈتكۈل ياۋروپا زەمبىرەك ئوقلىرى ۋە ئىس - تۈتەكلەر ئىچىدە قالدى.

1914 - يىلى 7 - ئايدا چېرچىل يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مانېۋىرىدا قىسىملارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ مەشىق قىلدۇرغان ھەمدە پۈتكۈل كېمە - پاراخوتلار ۋە ئەسكەرلەر ئۇرۇش تەييارلىقىنى

پۇتتۇرۇپ بولغانىدى. ھەربىي پارات ئاياغلاشقاندىن كېيىن 1 ـ فلوت ئىلگىرىكىدەك ئۆز ئورنىغا قايتماي بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى گېرمانىيە رۇسىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، چېرچىل ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىگە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئەتىسى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى تەستىقلىدى. بۇ خىل باشباشتاقلىق ھەرىكەتنى كىشىلەر ياقتۇرمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا تاشلىغان بىر قەدىمى ئىدى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى كېچىدە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى چېرچىلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىمالىي دېڭىزغا كىرىپ، ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى. گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن بولغان كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تېز سۈرئەتتە ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ جانلىق كۈچىنى يوقىتىۋېتىشنى قارار قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى چىلىنىڭ كولۇمنىر دېڭىزىدا گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئەنگلىيىنىڭ ئاجىزراق بىر فلوتىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ زەربە بەردى. ئەنگلىيىنىڭ ئىككى ھەربىي پاراخوتى چۆكتۈرۈۋېتىلدى. پاراخوتتىكى پۈتكۈل ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئەنگلىيىنىڭ قالغان ئىككى پاراخوتى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ئاران قېچىپ قۇتۇلدى. بۇ قېتىمقى جەڭ ئەنگلىيىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، دەرغەزەپكە كەلگەن چېرچىل گېرمانىيە ئارمىيىسىگە كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىشنى قارار قىلدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال يەتتە ھەربىي پاراخوتنى جەنۇبىي ئاتلانتىك ئوكيانىغا ئەۋەتتى. بۇ فلوت 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئارگېنتىنا ئەتراپىدىكى مالۋىناس ئارىلىغا بېرىپ، ئەنگلىيىنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقان ئىككى ھەربىي پاراخوتى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ كۈچلۈك فلوت دەرھال پىستىرمىغا ئۆتۈپ، غەلىبە خۇشلۇقىدا قوغلاپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە فلوتىنىڭ

كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. 8 ـ كۈنى گېرمانىيە فلوتى مالۋىناس ئارىلىنىڭ ئەتراپىدا مۆكۈنۈپ تۇرغان ئەنگلىيە فلوتىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. كەسكىن جەڭ داۋامىدا گېرمانىيىنىڭ بىر ھەربىي پاراخوتىلا قېچىپ قۇتۇلدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن دېڭىزغا غەرق قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، گېرمانىيە دېڭىز ئارمىيىسى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىلگىرىكى تىنچلىقى ئەسلىگە كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا گېرمانىيە ئارمىيىسى بىلەن بولغان كىچىك كۆلەملىك دېڭىز ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

چېرچىل دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىدىن تېخىمۇ زور ئىشەنچكە تولدى ۋە ئەمدى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قوزغاش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. مۇشۇ مەزگىللىرى تۈركىيە گېرمانىيە ـ ئاۋستىرىيە لاگېرىغا قاتنىشىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيىنىڭ يېڭى دۈشمىنىگە ئايلاندى. ئەنگلىيە ئارمىيىسى يېقىن شەرق رايونىدىكى ئۇرۇشتىن ساقلىنالمايتتى. ئۇرۇش ئوتىدا تاۋلانغان چېرچىل داردانېل دېڭىز ئۇرۇشىنى قوزغاش، يەنى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىدىن پايدىلىنىپ داردانېل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىپ، مەرمەر دېڭىزنى ئىگىلەش، ئاندىن تۈركىيە پايتەختى كونستانتىنوپولنى بېسىۋېلىپ، تۈركىيىنى ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېت چېرچىلنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۇرۇش لايىھىسىنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلدى. مالىيە ۋەزىرى راۋخ گېئورگېنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتنىڭ بارلىق ئەزالىرى چېرچىلنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلدى ھەمدە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئورتاق ماسلىشىپ بۇ ھەربىي ھەرىكەتنى ئورۇنداشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چېرچىل 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى

ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئوپېراتسىيىنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى، مەرمەر دېڭىزى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ شاللىنىق سەھىپىسى سۈپىتىدە تارىخ بېتىگە يېزىلدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قىسمى يىغىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى بەلگىلەنگەن جايغا تېخىچە يېتىپ كېلەلمەي ئىشنى كەينىگە تارتتى. شان ـ شەرەپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان چېرچىل ئاخىر بۇيرۇق چۈشۈردى. 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى يېتىپ كەلگۈچە، دېڭىز ئارمىيىسى فلوتى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن داردانېل بوغۇزى رايونىدىكى تۈركىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. چېرچىل دەسلەپكى غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ قالدى، ئۇرۇش دەسلەپكى ئون كۈنگىچە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. تۈركىيە ئىستىھكامى قورشاۋغا ئېلىنىپ، ناھايىتى تېزلا بىتچىت قىلىندى، 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چېرچىل يەنە داردانېل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ھەربىي پاراخوتلار تۈركىيە ئىستىھكاملىرىنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇپ قارشى تەرەپكە قايتۇرما زەربە بېرىش ئىمكانىيىتىنىمۇ قالدۇرمىدى. ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتلىرى كۈچلۈك زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ بىر يولىلا غەلىبە قىلماقچى بولدى. چېرچىل غەلىبە ئاللىقاچان قولىمىزغا ئۆتتى، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، تۇيۇقسىز مىناغا ئۇچراپ ئۈچ ھەربىي پاراخوتى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتتى، قالغان بىر قانچە ھەربىي پاراخوتلارمۇ جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتتى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە دېڭىز بوغۇزىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئارمىيىنىڭ يېرىمى دېڭىزدەك زىيانغا ئۇچرىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن گېرمانىيىلىكلەر تۈركىيىگە بولغان ھەربىي ياردەمنى كۈچەيتتى. بۇ ئارىلىقتا تۈركىيىلىكلەرمۇ بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. بۇ ئەھۋالدا

ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە داردانېل بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈچى يەتمەيتتى. ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئوڭشىغىلى بولمايتتى.

1915 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئارمىيىسى شۇ يەردە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىنى چېكىندۈردى.

داردانېل دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئەنگلىيىنى چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى. شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ چېرچىلنى ئىچكى كابىنېتتىن سىقىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولۇپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرۈپ: ئەگەر چېرچىل خىزمىتىدىن ئىستېپا بەرمەيدىغان بولسا، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ھازىرقى كابىنېتنى قوللاشتىن باش تارتىدۇ، دېدى. ئىچكى ۋەزىيەت ھەم خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشى ئارقىسىدا، چېرچىل دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ھەم ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كومىتېتنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

## 4. ئەڭ قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم

بىر بېلىقچى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قارمىقىنى يىتتۈرۈپ قويسا قانداق بولىدۇ؟ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇستا بىر ئوۋچى ئۆزىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن مىلتىقىدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالىدۇ؟ بۇ چاغدا چېرچىل دەل مۇشۇنداق بىر خىل ئازابقا دۇچار بولدى، ئۇرۇشقا تەلۋىلەرچە بېرىلىدىغان بۇ ۋەزىر ئۆزى ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان خىزمىتىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قېلىپ، خۇددى بىر بىلىكى ئۈزۈپ تاشلانغاندەك ھېسسىياتتا بولدى. ئۇ ئەمدى «بەلگىسىز مىنىستىرلىق»تا ئۇرۇشنىڭ قورقۇنچلۇق شاۋقۇن ـ

سۇرەتلىرى بولمىغان ئەركىن ــ ئازادە، تىنچ ــ ئاسايىشلىق تۇرمۇشتىن قانغۇچە لەززەتلىنىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ياش ھاياتىنى بۇنداق بىھۇدە ئۆتكۈزۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇ قان بىلەن ئوت گىرەلىشىپ كەتكەن فرانسىيە ئالدىنقى سېپىگە بېرىپ نام قازىنىش، ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىشى كېرەك ئىدى.

1915 ــ يىلى 11 ــ ئاينىڭ 18 ــ كۈنى چېرچىل فرانسىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئائىلىسىدىكىلەر بۇ جاھىل ئادەمنى ئۈزۈتۈپ قويدى. ئۇنىڭ سادىق كاتىپى ئىبدماش ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى. ئىگىزرەك يەردە تۇرغان ئانىسى ئوغلىغا قاراپ كۆڭلى بەكلا بۇزۇلۇپ كەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ رەپىقىسى كلېمېنتىنا شۇنچىلىك تەمكىن، روھلۇق تۇرۇپ ئېرىگە ئاجايىپ كۈچلۈك مەدەت ۋە ئېيتقۇسىز بىر جاسارەت بېغىشلىدى. چېرچىل قولىدا قىلىچ، بىر چەتتە تۇراتتى.

ئەنگلىيىنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى فرېنچ ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى، ئەمما چېرچىل ھەر ۋاقىت ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سەپداشلىرى بىلەن ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم نىشانى» بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق بىلگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ پات ــ پات باشقىلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچراپ تۇردى. بىر كۈنى چېرچىل كورپۇس شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇنىڭدا قىسىم تۇرۇۋاتقان جايدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۆت كوچا ئېغىزىدا توختاپ قالغان بىر ماشىنىنى قوماندانلىق شتابىغا ئەكىلىش ئۇقتۇرۇلغانىدى. چېرچىل پاتقاق يولدا خېلى مېڭىپ، ئاخىر بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ كەلدى. بىراق، بۇ يەردە ھېچقانداق بىر ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. ئارىدىن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئالاقىچى كېلىپ

ئۇنىڭغا: «ماشىنا يولنى خاتا مېڭىپ، باشقا جايغا كېتىپ قاپتۇ، كورپۇس شتابىدىمۇ مۇھىم ئىش يوق، قايتىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. ئاچچىقتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن چېرچىل ئالاقىچىنى بىر مۇشت ئۇرۇپ پاتقاقتا يىقىتىۋەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ يەنە پاتقاق يولدا مېڭىپ كەينىگە قايتتى. ئۇ تۇرۇشلۇق ئورۇنغا يېتىپ كەلگەندە، بارلىق قوغدىنىش ئورۇنلىرىنى گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆلۈم ئاغزىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بۇنى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدىكى چوڭ ئامەت دېيىشكە بولاتتى.

چېرچىل پىيادە ئەسكەرلەر باتالىيونىغا قوماندانلىق قىلغان مەزگىللىرىدە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇ ئامال بار جەڭچىلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئۆتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جەڭچىلەرگە ئۆزىنىڭ مالبورو جەمەتىنىڭ ئەۋلادى، بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن ئىچكى كابىنېت ۋەزىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇردى. بۇ مەقسەتكە يېتىشتە ئۇ كۆڭۈلسىز جەڭ ئاكوپلىرىدا جەڭچىلەرگە پىتنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. «پىتقا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ يەنە ئۆيدىن ئەكەلگەن ئاق قاڭالتىر دېسىنى ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ تۇردى. سىياسىي ساھەدىكى مەشھۇر بىر ئەربابنىڭ بۇ قەدەر چىقىشقاقلىقى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

قوماندان فرېنچ چېرچىلنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. ئۇمۇ قىسىمدا كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى. لېكىن، داردانېل دېڭىز ئۇرۇشىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى، يەنە كېلىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا نۇرغۇن قورساق كۆپۈكى بولغاچقا، ئۇ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىدە ئاران باتالىيون كوماندىرى بولالىدى. 1916 ـ يىلى 3 ـ ئايدا فرانسىيىدە تۆت ئاي ھەربىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەت ئۆتىگەن چېرچىل لوندونغا قايتىپ كەلدى.

چېرچىل ئالدىنقى سەپتە ۋاقىتىنچە تۇرۇپ كېتىشلەرنىڭ ئۆزگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى بېسىش ئارقىلىق قايتىدىن ھۆكۈمەتكە كىرىش پۇرسىتى تاپماقچى ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ھەقىقەتەن پايدىسىز ئىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۇنى چەتكە قاقتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇرۇش جىنايەتچىسى دەپ قارالغان چېرچىل ھەممىلا يەردە قارشى ئېلىنمىدى. ئۇ ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ قالدى. سىگارتمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا بىردەممۇ ئايرىلمايدىغان قەدىناس دوستىغا ئايلاندى.

چېرچىل قىيىنچىلىق تارتقان مەزگىللىرى خوتۇنى كلېمېنتىنا ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك روھىي تۈۋرۈكى بولدى. ئېرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بەختسىزلىكى تۈپەيلى ئازاب چېكىشىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە قولىدىن كېلىشىچە تەسەللى بەردى. ئۇ شۇنچىلىك مېھرىبان، قەيسەر ۋە ئۇمىدۋار ئىدى، ھەممە ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئاياللارغا خاس مېھرىبانلىق بىلەن ئېرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشىگە كۈچىنىڭ يارىچە تىرىشتى. شۇ چاغلاردا چېرچىلنىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى. چوڭ قىزى ديانىنا يەتتە ياش، ئوغلى راندولىنى بەش ياش، كىچىك قىزى سارا ئىككى ياشتا ئىدى. خوتۇن ۋە بالىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

بىر كۈنى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا تۇرۇپلا رەسىم سىزىش ئىستىكى قوزغىلىپ قالدى. كېيىن، بۇ ئىستەك كۈچلۈك قىزىقىشقا ئايلاندى. چېرچىل مەشھۇر رەسسام جون لېۋېرىدىن رەسىم سىزىشنى ئۆگەندى. رېئال تۇرمۇشنىڭ

شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن ۋە خاپىچىلىقلىرىدىن قۇتۇلدى. كىشىلەر دائىم يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى شەھەر سىرتىدىكى سالقىن قورۇقلاردا ئۇچىسىغا سۇت رەڭ ئىش كىيىمى كىيگەن، يوغان سىگارت چىشلىگەن بىر ئادەمنىڭ يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ رەسىم سىزىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى كۆرىدىغان بولدى. مانا بۇ ئادەم جون لېۋېرنىڭ يېڭى شاگىرتى چېرچىل ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىدىكى ھەيۋەتلىك مەنزىرىلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. كېيىنچە ئۇ رەسىم سىزىشنى قوللاش ئۈچۈن دائىم گۈزەل سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇردى. چېرچىل رەسىم سىزىشتا ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتى پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن رەڭ تەڭشەشكە ئىنتايىن ئۇستا ئىدى. 1921 ـ يىلى پارىژدا ئۇنىڭ بەش پارچە مەشھۇر سۇ بوياق رەسىمى كۆرگەزمە قىلىندى. ئۇنىڭ تۆت پارچىسىنى باشقىلار يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى.

1916 ـ يىلى راۋخ گېئورگې ئىچكى كابىنېت تەشكىللىدى. بۇ چېرچىل ئۈچۈن ئېيتقاندا سىياسىي تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى ئىدى. چۈنكى، يېڭى باش ۋەزىر ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى دوستى ئىدى. لېكىن، چېرچىلنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش مەسىلىسىدە راۋخ گېئورگې قاتمۇ قات توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بوۋنېر راۋخ قوپاللىق بىلەن: «ئەگەر ھۆكۈمەتتە چېرچىل بولىدىكەن، مەن ھۆكۈمەتكە ھەرگىز قاتناشمايمەن» دېدى. 1917 ـ يىلىغا كەلگەندە كۆپ تەرەپلىمە تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق، چېرچىل ئاران دېگەندە ھۆكۈمەتكە كىرىپ ھەربىي لاۋازىمات ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. چېرچىل يېڭى خىزمەت ئورنىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قازاندى. ئۇ تەشكىللەپ ياساپ چىققان تانكا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلگەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، جەڭدە خېلى شانلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. شۇڭا، چېرچىل كىشىلەر تەرىپىدىن «تانكا ئاتىسى» دەپ نام ئالدى.

1918 ـ يىلى ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تەسلىم بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلىدى. تۆت يىل داۋام قىلغان 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىر تاماملاندى، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە رۇسىيىنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. پۈتۈن دۇنيا خەلقى تىنچلىقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن تەنتەنە قىلىۋاتقان پەيتتە، چېرچىل بىلەن راۋخ گېئورگېنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى. چوڭ دۈشمەن مەغلۇپ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى يېڭى بىر كۈچ باش كۆتۈرمەكتە ئىدى. بۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتى ئىدى. چېرچىل بىلەن راۋخ ئىككىيلەن بىردەك باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇ ھاكىمىيەتنى قورال كۈچى ئارقىلىق زاكىسىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە شۇنداق قىلغاندىلا، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگىلى بولاتتى. چېرچىل بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قىلىچىنى بىلەپ، باش قاتۇرۇپ پىلان تۈزدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرى چېرچىلنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن ئەنگلىيە ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قوراللىق مۇداخىلە يۈرگۈزدى. شۇ چاغدا سوۋېت ـ رۇسىيە زېمىنىدا كولچاك ۋە دېنكىن باشچىلىقىدىكى ئاقلار ئارمىيىسى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە زور تۈركۈمدە قورال ـ ياراغ ۋە ئۇسكۈنىلەر يەتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتى، پارىژدىكى تىنچلىق يىغىنىدا كولچاك پۈتۈن رۇسىيىنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېتىراپ قىلىنغانىدى.

چېرچىلنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىدى. دۆلەت ئىچىدە «رۇسىيىگە مۇداخىلە قىلىشقا رۇخسەت يوق» تىن ئىبارەت كۈچلۈك ئاممىۋى ھەرىكەت كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، لوندون شەھەر ئەتراپىدىكى بەزى گازارمىلاردا ئەسكەرلەر قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇرۇشنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئەنگلىيە خەلقى ۋە ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قاتتىق بىزار بولغاچقا، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا ئۆزلىرى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان رۇسىيىلىكلەرگە ئوق چىقىرىشنى خالىمىدى. ئەنگلىيە ئىشچىلار سىنىپى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قوللىشى بىلەن سوۋېت خەلقى لېنىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىكىدە قاتمۇ قات توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. كولچاك ۋە دېنىكىن ھاكىمىيىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىتچىت قىلىندى.

چېرچىلنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قوللانغان خاتا سىياسىتى ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى يەنە بىر قېتىملىق پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بولدى. بۇ دارداننېل دېڭىز ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم قاتتىق زەربە يېيىشى ئىدى. 1922 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ سايلامدا غىزەپلەنگەن سايلىغۇچىلار ئۇنىڭغا ئاۋاز بەرمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ 1900 ـ يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم پارلامېنتتىن سىقىپ چىقىرىلدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ شۇ يىللىرىدىكى سايلام نەتىجىسىنى ئەسكە ئالغاندا ھەسرەت بىلەن: «مەن كەلگۈسىمگە نەزەر سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا پارلامېنتتىكى ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئەڭ قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم» دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى تارقىتىش ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى كاتتىۋاش

## 1. «ئومۇرتقىسى يوق دەۋر»

سىياسىي ھەرىكەتلەر خۇددى ئاسماندىكى ئۇزۇپ يۈرگەن بۇلۇتلاردەك خىلمۇ خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭ تېگىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. ھەيۋەتلىك تۇس ئالغان سىياسىي دولقۇنلاردا كىشىلەرنىڭ تۇرۇپ ئىشى ئوڭدىن كەلسە، تۇرۇپ ئاقساپ قالىدۇ؛ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدە ھوقۇقنىڭ چوققىسىغا چىقىشىڭ ياكى يىقىلىپ كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كېتىشىڭ مۇمكىن. ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ئادەملا ھەقىقىي ئىشلارنى قىلالايدۇ. خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلغان چېرچىل بۇ چاغدا دەۋرنىڭ سۆرەلمىسى بولۇپ قالدى. سىياسىينىڭ بۇ تاشلاندۇقى ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەك؟

«ئەمەلىي يوقنىڭ بەدىنى يەڭگىل» دېگەن سۆز چېرچىلغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىنى يوقاتتى. ئۇ سايلامدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئەتىدىن كەچكىچە ئىچى تىتىلداپ، كۆن بويى قانداق قىلىپ سىياسىي مۇنبەرگە چىقىپ، يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈستىدە ئويلاندى. چېرچىل لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ چېچىلاڭغۇلۇق ھالىتى ۋە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان قاتتىق پوزىتسىيىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، يەنە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قايتقاندىلا ھوقۇق تۇتۇش يولىغا قەدەم باسقىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت زور

جاسارەت بىلەن ئىش قىلىشقا ھەمدە زور خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. مۇبادا سەللا ئىھتىيات قىلمىسا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا «سىياسىي خامپىلىيون» دېيدىغان سېسىق نام بىلەن خەلقئالەمنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەمما، چېرچىل ئۆلۈمنى كۆتۈپ ئولتۇرىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، تەقدىر بىلەن داۋاملىق ئېلىشىدىغان خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىسمۇ، لېكىن ئۇ زادى بوشاپ قالمىدى. 1923 ـ يىلى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بوۋنېرراۋ كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن چېرچىلنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىدىكى مۇرەسسەگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ھەم تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك رەقىبى، ئۇنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قايتىپ كېلىشىگە ھەرگىز يول قويمايدىغان ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان بىر ئادىمى سىياسىي سەھنىدىن يوقالدى. ئىلگىرى چېرچىل بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئارىلىشىپ ئۆتكەن بالدۋىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولدى. بۇ خەۋەر چېرچىلغا زور ئىلھام بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمدى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قايتىدىن كىرىش ئارزۇيۇم بارا ـ بارا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، تۇرمۇشۇمدىمۇ تاڭ نۇرى كۆرۈلدى، دەپ ھېسابلىدى ـ دە، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە لېيبورىستلار پارتىيىسى بىلەن لىبېراللار پارتىيىسىگە قارشى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1924 ـ يىلى سايلامدا ئۇ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ئېپپىڭ سايلام رايونىنىڭ نامزاتى سۈپىتىدە يىغىنغا قاتناشتى. شۇ چاغدا يېڭىدىن باش ۋەزىر بولغان بالدۋىن چېرچىلنى مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، چېرچىلنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى خىيالىغىمۇ

كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى! چۈنكى، تېخى ئۇن نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ يولدىن ئېزىپ قالغان قوزا ئىدى، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىغىمۇ تازا ئۈمىد باغلىيالمىغانىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن مالىيە ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىنىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۆلچەرلىگۈسىز بىر خىل بۇرۇلۇش بولدى.

چېرچىل يېڭىۋاشتىن ھۆكۈمەتكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ھوشنى تاپماي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى سىياسەتنى داۋاملىق يولغا قويدى، شۇنىڭدەك ئىتالىيىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان فاشىست ئۇنسۇرلىرىغا بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالدى. 1927 ـ يىلى فاشىستىك مۇستەبىت مۇسسولىنىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە ئىتالىيىگە زىيارەتكە باردى. ئۇنىڭ خاتا سىياسىتى يەنە بىر قېتىم ئەنگلىيە خەلقىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئاخبارات ساھەسىدە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىنىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. شۇ چاغدىكى بىر گېزىتتە ئۇنىڭغا باھا بېرىپ: «ئۇ پارتىيىنى ئالماشتۇرۇشتا خۇددى بىر تانسا ھەمراھىنى ئالماشتۇرغانغا ئوخشاش يېنىكلىك قىلدى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بىرلا پارتىيىسىگە سادىق. ئۇ بولسىمۇ ۋىنستون چېرچىل ماركىلىق پارتىيىدۇر...» دەپ يازدى. كىشىلەرنىڭ بۇنداق غەزەپلىك كەيپىياتى 1929 ـ يىلىدىكى سايلامدا روشەن ئىپادىسىنى تاپتى. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا لىبېرالىستلار پارتىيىسى كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى يەڭدى. شۇنداق قىلىپ، كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى چېرچىل ئۇن يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۆزۈنىغا سوزۇلغان تالاي كېچىلەرنى زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى.

چېرچىل ھۆكۈمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كۈنلىرىنى رەسىم سىزىش بىلەن ئۆتكۈزدى، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە رەسىم سىزىش ئۇنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا بىر ئەرمەك ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي

قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ يەنە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تېما قىلىنغان بەش توملۇق «دۇنيا كرىزىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقتى. دەم ئالغان چاغلىرىدا ھويلىسىدا تامچى بولۇپمۇ ئىشلىدى، بۇ ئۇنىڭ يەنە بىر چوڭ قىزىقىشىغا ئايلىنىپ قالدى. تاشچىدىن ئۆگىنىۋالغان ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، كىچىك تېپتىكى بېلىق بېقىش كۆلچىكى ياسىدى. ئۇ چوشقا بېقىشقىمۇ ئامراق ئىدى. چېرچىل باققان ئېسىل سورتلۇق چوشقىلار كۆپ قېتىم ئۆي ھايۋانلىرى كۆرگەزمىسىگە قويۇلدى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شۇ مەزگىللەردە چېرچىل تۆت بالىنىڭ دادىسى بولۇپ قالدى. ئۇ خىزمەت ھارغىنلىقىنى ۋە سىياسىي تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن، ھەر شەنبە كۈنلىرى بالىلىرىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىنى ئايلىنىپ كېلەتتى. ئائىلىۋى ئويۇندا ئۇ دائىم «ئورانگوتان»نىڭ رولىغا چىقىپ، ئىرغاڭلاپ ماڭاتتى ـ دە، ئەتراپىدا قېچىپ يۈرگەن بالىلارنى تۇتاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ خۇددى بالىلىق مەزگىللىرىگە قايتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتى. شۇ مەزگىللەردە ئۇ يەنە ئىنىسى، ئوغلى ۋە جىيەنى بىلەن بىللە كانادا، ئامېرىكىلارغا ساياھەتكە باردى. كالفورنىيىدە «سېرىق خەۋەرلەر پادىشاھى» ۋىلىيام راندولف خېستېرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. ھوللىۋۇدنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا داڭلىق سەنئەتكار چارلېز چاپلىن بىلەن تونۇشتى، ئۇ چاپلىنغا: «سىزنىڭ ناپولېئوننىڭ رولىنى ئويناپ چىققانلىقىڭىزنى بىر كۆرگۈم بار، ھەتتا مەن مۇشۇ جەھەتتە مەزمۇن قىلىپ بىر كىنو ئەسىرى يازماقچى بولۇۋاتىمەن» دېدى. ساياھەت كۆڭۈللۈك ئىش، لېكىن ساياھەتمۇ چېرچىلغا ئانچە ـ مۇنچە ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى.

1931 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چېرچىل نيۇيوركنىڭ بەشىنچى چوڭ كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئېغىر ماشىنا ۋەقەسىگە ئۇچراپ، قاتتىق زەخمىلىنىپ سېزىمىنى يوقاتتى. شۇ

جايدىكى خۇسۇسىي بىر دوختۇرخانىدا ئاغرىق ئازابىغا چىداپ بىر مەزگىللىك ئۈنتۈلغۇسىز چاغلىرىنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن ئۇ نيۇيوركتا قاتناش قائىدىسىدە ئوڭ تەرەپ بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى، لوندوننىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. چېرچىل ئۆزىنى دوختۇرخانىغا ئەكىرگەن جاۋابكار شوپۇرغا ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاچچىقلانمىدى. بەلكى ئىككىيلەن خاتىرە ئۈچۈن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ، قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتى. يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، «مالبورو تەزكىرىسى»نى يېزىشقا كىرىشتى.

چېرچىل ھاكىمىيەت سىرتىدا تۇرغان مەزگىللىرى ئىجادىيەت، رەسىم سىزىش ۋە ساياھەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن سىرت، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلدى، بىر سىياسىيونغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن شۇ چاغدىكى گېرمانىيىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى.

گېرمانىيە ئۇزۇندىن بۇيان مىلىتارىزم دۆلىتى بولۇپ، ئەزەلدىنلا «تېۋتون رىتسار» روھى بويىچە سىرتقا تاجاۋۇزچىلىق كېڭەيمىچىلىكى يۈرگۈزۈش ماھىيىتىگە ئىگە ئىدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن «ۋېرسال شەرتنامىسى» ئىمزالىنىپ، گېرمانىيىنىڭ ھەربىي ھازىرلىقلىرى قاتتىق چەكلەندى. گېرمانىيە غايەت زور ئۇرۇش چىقىمى تۆلەپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق مۇستەملىكىلىرىنى قولىدىن چىقىرىپ قويدى. بۇ شەرتنامە گېرمانىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئاپەت ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ مالىيىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، ئىقتىسادىدا قاتتىق كرىزىس يۈز بەردى. «ۋېرسال شەرتنامىسى» گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغۇچى دۆلەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسسولىن ئىتالىيىدە ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، گېرمانىيىدىمۇ گىتلېر قۇرغان

فاشىستىك ھاكىمىيەت بارلىققا كەلدى.

گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە جەھەتتە مىللىي ئۆچمەنلىك ئىدىيىسىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلدى. ئۇ گېرمانىيە مىللىتى ئېسىل مىللەت، گېرمانىيە مىللىتى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى توپلاپ يېتەرلىك ھاياتلىق ماكانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك، دېدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇشى ئىتالىيە، ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىۋەتتى.

چېرچىل گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە فاشىستلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى كىرىزىسنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پات ئارىدا پارتلايدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن ئالدىنئالا بىلدى. ئۇ بۇ خىل ۋەزىيەتتىن قاتتىق ئەندىشە ئىچىدە قالدى ۋە ئەمدى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرماي، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك كۈچ چىقىرىشى كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن چېرچىل كۆپلىگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۇنلۇك خىتاب قىلدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارىتا يۇكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ قېلىشىنى، ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا، دېڭىز ئارمىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۈچىنى كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، چېرچىلنىڭ تەلەپ ـ ئىلتىجالىرى خۇددى ساما قوينىدىكى يالغۇز ياۋا غازنىڭ بىر نەچچە قېتىم ئېچىنىشلىق سايراپ قويغىنىدەك، ھېچقانداق بىر قوللاشقا ئېرىشمىدى.

1937 ـ يىلى باش ۋەزىر بالدۋىن خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا جوزېف چېمبېرلىنىنىڭ ئوغلى نېۋىل

www.uyghurkitap.com

چېمبېرلىن باش ۋەزىر بولدى. چېمبېرلىن مادارا چىلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاپەتنى شەرققە باشلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق گېرمانىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئىككىلا تەرەپنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. بۇ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ گېرمانىيىگە قارىتا ئىزچىل تۈردە مۇرەسسەچىلىك قىلىپ كەلدى. گىتلېرنىڭ رايىغا بېقىش ئۈچۈن، فرانسىيىنىڭ باش مىنىستىرى دالادىېر قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «ميۇنخېن شەرتنامىسى»نى تۈزۈپ، چېخ - سلوۋاكىيىنىڭ سودېت رايونىنى 1938 - يىلى 9 - ئايدا گېرمانىيىگە ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەردى. چېمبېرلىننىڭ گېرمانىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن چېرچىل ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ يۈز بەردى. چېرچىل گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا خەۋپ يەتكۈزۈش بىلەنلا بولدى قىلمايدۇ، ئەنگلىيىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. چېمبېرلىن ميۇنخېنغا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ بىر قىسىم مەشھۇر سىياسىيونلىرىنى چۈشلۈك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ نامىدا چېمبېرلىنغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭدىن سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ئەپسۇس، زىياپەتكە داخىل بولغۇچىلار چېرچىلنى قاتتىق ئۈمىدسىزلىكتە قويىدى، ئۇلار چېرچىلنىڭ ئاقىلانە گەپلىرىنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي رېستوراندىن چىقىپ كەتكەندە، چېرچىل كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ قېلىپ قالدى.

چىلبۆرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزغىلى بولمايدۇ، ئۇستىخان تاشلاپ بېرىش بىر پەسلىك ئاچارچىلىقنى پەسەيتىدۇ، خالاس. شۇڭا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن چىلبۆرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەڭ ياخشى چارە، بولمىسا، ئۇ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدۇ. فاشىست گېرمانىيىسى سودېت رايونىنى ئۆزگە

قوشۇۋالغاندىن كېيىن، 1939 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چېخ ـ سلوۋاكىيىنى ئىشغال قىلدى. گىتلېر بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي «پولشانى مەڭگۈ يوق قىلىۋېتىش پىلانى»نى تۈزۈپ، جىنايى قولىنى پولشاغا سوزدى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاي، تاڭ سەھەردە فاشىست گېرمانىيىسى 57 دىۋىزىيە تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ ئەسكەر، 2500 دىن كۆپرەك تانكا، 2300 دىن كۆپرەك ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ پولشاغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. گېرمانىيە «چاقماق تېزلىكى»دە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا پولشانى ھالاك بولۇش گىردابىغا ئاپاردى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى.

گېرمانىيە ـ پولشا ئۇرۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە، فرانسىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت پولشانىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك بەرگەنىدى. ئەمما، ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن پولشاغا ھېچقانداق ئۈنۈملۈك ياردەم بەرمىدى. ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گېرمانىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاكى 1940 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە قۇرۇقلۇقتا گېرمانىيە بىلەن بىرەر قېتىممۇ ھەقىقىي جەڭ قىلىپ باقمىدى، پەقەت 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە چارلاش ئەترىتىنىڭ بىر خادىمىنى قارشى تەرەپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مانا بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى مەشھۇر «غەلىتە ئۇرۇش» مەزگىلى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭدىن پۈتكۈل ئەنگلىيىنىڭ 20 ـ، 30 ـ يىللىرىدىكى سىياسىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، چېرچىلنىڭمۇ بۇ مەزگىلنى «ئومۇرتقىسى يوق دەۋر» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«غەلىتە ئۇرۇش» مەزگىلىدە ئەنگلىيە خەلقى ھۆكۈمەتنىڭ مادارا قىلىش سىياسىتىگە كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈردى. چېمبېرلېن مەملىكەت ئىچىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ بېسىم قىلىشى بىلەن 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋاقىتىنچە چېرچىلنى

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. چېرچىل 25 يىلدىن كېيىن، بىر خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەت بىلەن ئۆزىنىڭ تونۇش ئىشخانىسىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئەنگلىيىدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئىنتايىن تېنچ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، دېڭىز ئۇرۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ھەممە ئىشلار قارىغاندا تازا ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتاتتى. بۇ مەزگىلدە چېرچىل ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە ئورناتتى. روزۋېلت خەت يېزىپ چېرچىلنىڭ دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن تەبرىكلىدى. «يېڭى ھايات»قا ئېرىشكەن چېرچىل خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھاياجىنىنى باسالماي، دەرھال روزۋېلتقا مەشھۇر «سابىق دېڭىز ئارمىيە خادىمى» سۈپىتىدە جاۋاب خەت يازدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتكىچە داۋام قىلغان خەت ئالاقىسى شۇنداقلا ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى قىممەتلىك دوستلۇق باشلاندى. بۇ شەخسىي دوستلۇق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغ سىياسىي دوستلۇققا ئايلىنىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈنمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينىدى، شۇڭا بۇ دوستلۇق قىزىق داستان بولۇپ تارقالدى.

## 2. جىددىي پەيتتە ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش

1940 ـ يىلى فاشىست گېرمانىيىسىنىڭ ئۇرۇش ئوتى ياۋروپا ئاسمىنىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قاپلىدى. فاشىست گېرمانىيىسى چېخ ـ سلوۋاكىيە، پولشالارنى قوراللىق بېسىۋالغاندىن كېيىن، تۆمۈر تاپىنىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن دانىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ

چېگراسىغا يەتكۈزدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى ئاستىدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئېتتىپاقداش ئارمىيىسى خۇددى كۆز شامىلىدا قالغان غازاڭدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، كەينى ـ كەينىدىن چېكىنىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. چېمبېرلىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان كۈچلۈك داۋالغۇشتا ئامالسىز خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ، ھۆكۈمەتنى تارقىتىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى، يەنى 1940 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن چېرچىل پادىشاھنىڭ جىددىي قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى.

چېرچىل چۈشتىن كېيىن سائەت 6دە ئالدىراش ئىشلەۋاتقان دېڭىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىدىن پادىشاھ ئوردىسىغا كەلدى. پادىشاھ ئۆتكۈر ۋە سىرلىق نەزىرى بىلەن چېرچىلغا بىر پەس سەپسېلىپ قاراپ، كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— مەن سىزنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟ — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان چېرچىلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلدى. بۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يىغىلىپ، يوشۇرۇنۇپ تاشالماي تۇرغان غايەت زور ئارزۇ ـ ئۈمىد دولقۇنىنىڭ تۇيۇقسىز تۇغاننى بۇزۇپ چىققان كەلكۈن سۈيى كەبى پارتلىشى بولۇپ، ئۇنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى ۋە چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلدۈردى. خۇشاللىقتىن يۈرىكى قاتتىق تىپىچەكلەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى تەمكىن تۇتتى. ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا پادىشاھقا:

— مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى خالايمەن، — دېدى. چېرچىل گويا ئىبغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدى. سەۋەب، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق ئىشلىرى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە باتۇرلۇقلىرى مۇشۇ پەيتتە، مۇشۇ سىناق ئۈچۈن قىلىنغان تەييارلىق ئەمەسمىدى؟ پادىشاھ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

دەرھاللا:

— سىز دەرھال ھۆكۈمەت تەشكىللەڭ، بۇنىڭغا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. چېرچىل شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قىلچە ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بەردى:

— ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە تولۇق ئىشەنچىم بار...

پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىڭىز بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

چېرچىل دېگىز ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، لېيبورىستلار پارتىيىسى، لىبېرالىستلار پارتىيىسى ۋە كونسېرۋاتىپلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى. خۇشال ـ خۇرام پاراڭلىشىش ئارقىلىق، كەچ سائەت ئونلار ئەتراپىدا چېرچىل ئۈچ پارتىيىدىن تەركىب تاپقان ئۇرۇش ۋاقتىدىكى بەش كىشىلىك كابىنېتنىڭ ئىسىملىكىنى پادىشاھقا يوللاپ بەردى. چېرچىل باش ۋەزىر بولغاندىن سىرت، تۆۋەن پالاتانىڭ رەھبەرلىكى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەزىرلىكى ۋە دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكى قاتارلىق ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. شۇنداق قىلىپ، چېرچىل ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئەنگلىيە ئۈچ ئارمىيىسىنىڭ ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئالىي قوماندانى بولدى. شۇ كۈنى چېرچىل ھەممە ئىشلارنى تولۇق بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنى كەچ سائەت ئۈچلەردە كارىۋاتقا چىقىپ ئارام ئالدى. ئۇ بەك كەچ ياتقان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى تاتلىق ئۇخلىدى. ئەمدى چۈشىدە ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. رېئاللىق خام خىيالدىن تېخىمۇ گۈزەل ـ دە.

چېرچىل باش ۋەزىر بولغاندىن كېيىن خىزمىتى ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ يېڭى ھۆكۈمەت تەشكىللەپ، ھەر قايسى سىياسىي پارتىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ۋە ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشى

كېرەك ئىدى. شۇڭا، ھەر كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدى. ئۇ خۇددى چاپچىپ تۇرغان جەڭ ئارغىمىقىدەك پۈتۈن ئەنگلىيە زېمىنىدا توختىماي چېپىپ يۈردى. ئۇ 65 ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن كۈچتۈڭگۈر ياشقا ئوخشايتتى.

بۇ چاغدا گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە، فرانسىيە ئالدىنقى سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئۇرۇش ئوتى فرانسىيە زېمىنىغا تېز سۈرئەتتە يامراشقا باشلىدى. ئەنگلىيىنىڭ فرانسىيىدە تۇرۇشلۇق يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىسى دۈشمىنى تەرىپىدىن يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. چېرچىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى مەشھۇر نۇتۇق سۆزلەپ:

— مېنىڭ سىلەرگە ئىسسىق قېنىم، جاپالىق ئەجرىم، تەرىم ۋە كۆز يېشىمدىن باشقا ھەدىيە قىلىدىغان ھېچ نەرسەم يوق، — دېدى. باش ۋەزىرنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان پىداكارلىقى، شىر يۈرەكلىكى ۋە سەمىمىيىتى ئەركىنلىك ۋە تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەنگلىيە خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇردى. «بىزنىڭ مەقسىتىمىز نېمە... ئۇ بولسىمۇ غەلىبە. قانچىلىك بەدەل كېتىشتىن قەتئىينەزەر، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش.» باش ۋەزىرنىڭ ئەنگلىيىنى قوغداش قەسىمى ۋە ئىرادىسى ھەر بىر ئەنگلىيە پۇقراسىغا زور ئىلھام بېغىشلىدى. ئۇنىڭ نۇتقى فاشىستلارغا جازا يۈرۈش قىلىشتىكى جەڭگىۋار بۇيرۇق بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ئەنگلىيە خەلقىنى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى.

چېرچىل ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلدى. باش ۋەزىر بولۇپ ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن، دۇنياغا مەشھۇر دۇنكىركتىن چېكىنىش ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىپ، دۇنيا دېڭىز ئۇرۇشى تارىخىدا مۆجىزە ياراتتى.

1940 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە ئارمىيىسى فرانسىيىنىڭ

ماگىنو مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسكىرىي كۈچىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇنىڭ بىر بۆلىكى تاشيول بويلاپ ئەنگلىيە بوغۇزىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سوممې دەريا ئېغىزىدىكى ئامبېۋىلغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا بىريۈسسېلدىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن گېرمانىيە ئارمىيىسى بېلگىيىدىن چېكىنگەن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىگە غالجىرلىق بىلەن قوغلاپ زەربە بەردى. فلاندېرستا جەڭ قىلىۋاتقان 360 مىڭ كىشىلىك ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى دۇنكىركتىن تارتىپ بېلگىيە چېگراسىغىچە بولغان دېڭىز بويىغا قامىلىپ قېلىپ، ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. چېرچىل ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، دەرھال ئىستراتېگىيىلىك چوڭ چېكىنىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش قارارىنى چىقاردى. ئاندىن دېڭىز ئارمىيىسىگە ھەممە پاراخوتلارنى بىر يەرگە توپلاپ، پائال تۈردە چېكىنىش تەييارلىقىدا تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ برونېۋىك قىسىملىرى ئامبېۋىلدىن گراۋېلىنىغا ھۇجۇم قىلدى. ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ھالاكەتلىك زەربىگە ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. شۇ كۈنى گىتلېر شۇ يەردىكى گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. گىتلېرنىڭ بۇنداق قارار چىقىرىشىدىكى سەۋەب، ئۇ سىياسىي جەھەتتە قورال كۈچى ئارقىلىق ئەنگلىيىنى تەسلىم قىلىشقا زورلاش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. ھەربىي جەھەتتە برونېۋىك قىسىملىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە قوغداپ قېلىشنى ئويلىغانىدى. بۇ قارارنى گېرىنگ قاتارلىقلارنىڭ كۈشكۈرتۈشىدىن ئايرىپ قارىغىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېرىنگ غەلىبە مېۋىسىگە ئۆزى يالغۇز ئىگە بولۇش غەرىزىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئارىلىششىنى خالىمىغانىدى. مەيلى

گېتلېر قانداق غەرەزنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسۇن، ئۇنىڭ بۇ غەلىتە بۇيرۇقى ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنى ئەڭ ياخشى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بىرلەشمە ئارمىيە بۇ ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چېكىنىش ئۈچۈن مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى ئوبدان پۈتتۈرۈۋالدى.

چېرچىل بۇ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە «دىنام پىلانى»دىن ئىبارەت چېكىنىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كەڭ كۆلەملىك چېكىنىش ھەرىكىتى باشلاندى. دەسلەپكى ئىككى كۈندە كېمە ـ پاراخوتلار تولۇق بولمىغانلىقتىن، چېكىندۈرۈلىدىغان ئادەم سانى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كەچتە ھەر خىل تىپتىكى چوڭ ـ كىچىك كېمە ـ پاراخوتلار باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ چاقىرىقى ۋە جىددىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئارقىسىدا، خۇددى ھەيۋەتلىك كەلكۈندەك دۆنكىركقا توپلىنىپ، چېكىنىش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە تېزلەتتى، شۇ كۈنىلا 47 مىڭ كىشى چېكىندۈرۈلدى. «دىنام پىلانى» ئىجرا قىلىنىش ئالدىدىكى تۆت كۈن ئىچىدە جەمئىي 26 مىڭدىن كۆپرەك كىشى چېكىندۈرۈلدى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچ سائەت 7دە گېتلېر ئىلگىرىلەشنى توختىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇردى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى زور تۈركۈمدىكى بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سېلىپ، پورت ۋە دېڭىز ساھىلى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ جېنىدىلىرىنى شىددەتلىك تۈردە بومباردىمان قىلدى. كېيىنكى بىرنەچچە كۈنگىچە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. لېكىن، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ چېكىنىش خىزمىتى ئۇنچىلىك كۆپ تەسىرگە ئۇچرىمىدى. ئەنگلىيە خان جەمەتى ھاۋا ئارمىيىسى ۋە بەش ئۇچۇش ئەترىتى دۆنكىرك ھاۋا

www.uyghurkitap.com

بوشلۇقىدا نۆۋەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇلار ئەسەبىي گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى بىلەن ھاياتـ ـ ماماتلىق جەڭ قىلدى. جەڭ ئەڭ كەسكىنلەشكەن چاغدا ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى مۇقەددەس زاپاس قوشۇنى» پايتەخت ھاۋا ئارمىيىسىمۇ ئىشقا سېلىندى. گېرمانىيىنىڭ كۆپلىگەن ئايروپىلانلىرى پاچاقلاپ تاشلاندى ياكى دۇنكىرك ھاۋا بوشلۇقىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. يەنە كېلىپ، مۇشۇ مەزگىللەردە دۇنكىرك ئاسمىنىنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولماي، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دېڭىز ساھىلىدىكى يۇمشاق قۇملۇق بومبىلارنىڭ قىرغىنچىلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بوش سايازلىققا چۈشكەن بومبىلارنى قۇملۇق خۇددى ئامبۇردەك قىسىۋېلىپ كۈچىنى قويمىدى. شۇڭا، ئەسكەرلەر قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ جېنى ئامان قالدى.

دۇنكىركتىن چېكىنىش كۈنلىرىدە چېرچىل كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك بۇ قارامىلىق بىلەن قىلىنغان باتۇرانە ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، قىلچە بوشاڭلىق قىلمىدى. جىددىي خەتەرلىك پەيتلەردە ئۈچ پارتىيىدىن تەركىب تاپقان ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت مەسىلە كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە زىچ ئۇيۇشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەت ئورتاق بىر نىشان، يەنى ھېچنېمىدىن ئايانماي، دۇنكىركتىن چېكىنىشتىن ئىبارەت غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

پۇتكۇل «دىنام پىلانى» 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاياغلاشتى، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئىككى دۆلەتنىڭ جەمئىي 336 مىڭ ئەسكىرى دۇنكىرك رايونىدىن چېكىنىپ چىقتى. فرانسىيىنىڭ پەقەت قوغداش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان 40 مىڭ ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. چېرچىلنىڭ كەسكىن ھۆكۈم قىلىشى

ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى، ئەنگلىيە، فرانسىيە خەلقلىرىنىڭ قوللىشى، ئەنگلىيە، فرانسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچلۈك جەڭ قىلىشى بىلەن، بۇ قېتىمقى چېكىنىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، شۇنىڭدەك داۋاملىق جەڭ قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئەمەلىي كۈچ ساقلاپ قېلىندى.

دۇنكىرك مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش ئەنگلىيە خەلقىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا زور ئىلھام بەردى. لېكىن، چېرچىل تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىز ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشىمىز كېرەك، بۇ قېتىمقى قۇتۇلدۇرۇشنى غەلىبە دېمەسلىك كېرەك. ئۇرۇشتا چېكىنىشكىلا تايىنىپ غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ» دېدى. چېرچىلنىڭ كاللىسى سەگەك، قىلغان تەھلىلمۇ ئوبيېكتىپ ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە خەلقى تېخىمۇ قاتتىق سىناققا دۇچ كەلدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى گېرمانىيە ئارمىيىسى سومما دەرياسىدىن فرانسىيىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئىتالىيە بۇ چاغدا تۇيلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ فرانسىيىگە تېخىمۇ قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى. 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پارىژ شەھىرىنىڭ مۇداپىئە قوماندانى فرانسىيىنىڭ پايتەختىنى گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەردى، پارىژنىڭ تۆمۈر مۇنارىغا 卐 بەلگىلىك بايراق ئېسىلدى. شۇ كۈنى باش مىنىستىر رېنائۇد خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى، پېتائىن باش مىنىستىرلىقنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى فرانسىيە گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غايەت زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن فرانسىيە 40 كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گېرمانىيە فاشىستلىرى تەرىپىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل تارمار قىلىندى، ئەنگلىيە بارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. چېرچىل فرانسىيىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئۆرتىنىپ قاتتىق ھەسرەت چەكتى. لېكىن، باتۇر، قەيسەر

www.uyghurkitap.com

ئەنگلىيە خەلقىنى ئۆيلىغىنىدا ئۇنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ تۆۋەن پالاتادا سۆز قىلىپ: «فرانسىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشتى، برىتانىيە ئۇرۇشى باشلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ... شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز ھەمدە بارلىق كۈچىمىز ۋە ھاياتىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك، ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى مىڭ يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندىن كېيىنمۇ كىشىلەر بۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ شان ـ شۆھرەتلىك چاغلىرى ئىدى، دېيىشىدۇ» دېدى. ئەنگلىيە خەلقىمۇ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھالاكەتلىك تەھدىتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئەمما، ئۇلار باش ۋەزىرنىڭ تولۇپ تاشقان مەردانىلىك بىلەن تويۇنغان يۈرەك سۆزىدىن تولۇق ئىشەنچكە كەلدى، چېرچىلدىن ئىبارەت بۇ گىگانت رەھبىرى بولىدىكەن، ئەنگلىيىنىڭ ھالاك بولمايدىغانلىقىغا، مەيلى ھەر قانداق چاغدا بولسۇن، بۇ رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلسىلا، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش ۋە ياشىشى ئۈچۈن كۈرەشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى.

گىتلېر ئەنگلىيىگە دەرھال ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇ دىپلوماتىيە ۋاستىسى ئارقىلىق سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە قاتتىق بېسىم ئىشلىتىپ، تىنچ ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئەنگلىيىنى تىز پۈكتۈرۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. گىتلېر تەرەپ ـ تەرەپتىن خەۋپ ئاستىدا قالغان ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى چوقۇم سۈلھ تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، ئۇ: ئەگەر ئەنگلىيە «مۇستەملىكىسىنى گېرمانىيىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولسا، گېرمانىيىنىڭ ياۋروپادىكى زومىگەرلىك ئورنىنى ئېتىراپ قىلسا، ئىككى دۆلەت يارىشىپ قېلىشى مۇمكىن» دېدى. ئۇ 1940 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە بۇ خاھىشنى ئاشكارىلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن رىم پاپاسى بىلەن شۋېتسىيە پادىشاھى گىتلېرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ،

ئەنگلىيىنى تىنچلىق سۆھبىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىدى. ئەنگلىيە خەلقى ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقىدىن تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ھېچقانداق ياخشى نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى. دانىيە، گوللاندىيە ۋە بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەسلىم بولغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئاياغ ئاستى قىلىنىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. «ئامان قېلىپ پوق بولغۇچە، سەدپارە بولۇپ يوق بول»، مانا بۇ پۈتكۈل ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ قەلب ساداسى ئىدى. باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى، دۈشمەنگە قارشى جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىشتەك قەيسەر روھى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. لېكىن، چېرچىل تىنچلىق سۆھبىتىنى رەت قىلىش مۇقەررەر ھالدا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قەدىمىنى تېزلىتىۋېتىدىغانلىقىنى، يېڭى ئۇرۇش ئوتىنىڭ پۈتۈن ئەنگلىيىنى قاپلاپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى.

ئەنگلىيە دۈنكىركتىن چېكىنىش داۋامىدا ئېغىر تېپتىكى قوراللىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك ئايرىلىپ قالغانىدى. شۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدە 500 زەمبىرەك، 200 تانكا، 700 كۈرەشچى ئايروپىلان ۋە 500 بومباردىمانچى ئايروپىلانلا قالغانىدى، چېرچىل دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقنىڭ مەلۇم تېپىز يېرىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، ئۈزۈنلۇقى تۆت ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان جايىنى قوغداۋاتقان برىگادىنىڭ تانكىغا قارشى ئۈچلا زەمبىرەك، ھەر بىر زەمبىرەكنىڭ ئالتە پاي ئوقىلا قالغانلىقىنى بىلدى. برىگادا كوماندىرى باش ۋەزىردىن بىر پاي زەمبىرەك ئوقىنى مانېۋىر تەرىقىسىدە ئېتىپ بېقىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىغاندا، چېرچىل كەسكىن تەرزدە:

ــ بىز سىلەرنى مانېۋىر قىلىشقا كېرەكلىك زەمبىرەك ئوقلىرى بىلەن تەمىن ئېتەلمەيمىز، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى

پەيتكىچە كۈتۈپ، ئەڭ يېقىن ئوق مۇساپىسى دائىرىسى ئىچىدىلا زەمبىرەك ئېتىشقا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇ چاغدا ئەنگلىيىنىڭ دېڭىز يۈزىنى گېرمانىيە قامال قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. چېرچىل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، قورال ـ ياراغ ئىشلەپ چىقىرىشنى كۈچەيتتى. پۈتۈن ئەنگلىيىلىكلەر ئاكتىپ تۈردە خىزمەتنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. سانسىزلىغان ئەر ـ ئاياللار ئىستانوك ۋە ماشىنىلار ئالدىدا جاپالىق ئىشلىدى. ھەتتا ئۇلار ھېرىپ ھالىدىن كەتسىمۇ، ھېچكىم ئىش ئورنىدىن بىردەممۇ ئايرىلمىدى. كېيىنكى ئىسمېنادىكى ئىشچىلار ئىشقا چۈشۈشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلمىغۇچە، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتمىدى. ئۇلار يۈكسەك دەرىجىدىكى قىزغىنلىق، مىللىي ھېسسىيات ۋە دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇشتەك روھ بىلەن بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە قاتناشتى ۋە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى تىكلىدى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك جىددىي تۈردە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ قورال ـ ياراغ ئەسلىھەلىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى ۋە 2 مىليون خەلق قوغدىنىش ئارمىيىسى تەشكىللىنىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. چېرچىلنىڭ ئابرۇيىمۇ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئېشىپ باردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا چېمبېرلىن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى بويىچە چېرچىل ئوڭۇشلۇق ھالدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلاندى.

گىتلېر ئەنگلىيىگە قاراتقان «تىنچلىق ھۇجۇمى»دا تۇمشۇقىغا يېگەندىن كېيىن، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەنگلىيىدە قۇرۇقلۇقتا چىقىپ ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدىكى 16 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق، يەنى «دېڭىز شىرى پىلانى»نى چۈشۈردى. بۇ

پىلانىنى كونكرېت ئىجرا قىلىش جەھەتتە گېرمانىيىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىلىرى پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى، شۇڭا بۇ پىلان كېچىكىپ ئىجرا قىلىندى. بۇ پىلان بولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئەنگلىيىگە ھاۋا ھۇجۇمى باشلىدى، شۇنداق قىلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىدىكى مەشھۇر ئەنگلىيىنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ سىگنالى چېلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ باشلىنىش باسقۇچى بولدى. بۇ باسقۇچتا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئەنگلىيە بوغۇزىدىكى سودا كېمىلىرى ۋە پورتلار بولدى. بۇ باسقۇچتا گېرمانىيە ئايروپىلانلىرىدىن 200 دىن كۆپرەكى ئېتىپ چۈشۈرۈلدى. ئەنگلىيە 100 دىن كۆپرەك ئايروپىلان زىيان تارتتى، ئەنگلىيە ئارمىيىسى كىچىك كۆلەملىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئەنگلىيىگە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلىشى ئىككىنچى باسقۇچقا كىردى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئاساسلىق نىشانى ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى يوقىتىپ، ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش بولدى. شۇڭا، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئايرودروم، ھەربىي بازا ۋە رادار پونكىتلىرىنى زەربە بېرىش نىشانى قىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ رادار پونكىتلىرى شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۇچراپ، بەش رادار جازىسى بۇزۇۋېتىلدى. بىر رادار پونكىتى بومبا زەربىسىدىن پاچاقلاپ تاشلاندى. لېكىن، نېمىسلار رادارنىڭ ئەنگلىيە مۇداپىئەسى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى بۇ چاغدا تېخى چۈشەنمەيتتى، شۇڭا بۇ رايوندىكى رادار پونكىتلىرىغا يەنە

ھۇجۇم قىلمىدى، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گېرمانىيە ـ ئەنگلىيە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھاۋا ئۇرۇشى بولدى. گېرىنگ ئۈچ ئاۋىئاتسىيە ئەترىتىدىكى ئايروپىلانلىرىنى ئىشقا سالدى. ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدا گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. نېمىسلار 800 دىن كۆپرەك ئايروپىلان چىقىرىپ ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىي دېڭىز قىرغىقىغا تۆت قېتىم كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلدى. غالجىرلاشقان گېرمانىيە ئايروپىلانلىرى تۈننا ـ تۈننا كۈچلۈك پارتلاش دورىلىرىنى ئايروپىلان ياساش زاۋۇتلىرى ۋە ئايرودروملارغا تاشلىدى، ئەنگلىيىنىڭ تۆت ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى ۋە بەش ئايرودرومى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. شۇ كۈنى ئەنگلىيە خۇددى غايەت زور ئوت ساقلاش ساندۇقىغا ئوخشاش ھەممىلا يەردە ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپىنى ئوق ـ دورىنىڭ پۇرىقى بىر ئالدى. بۇ، ئەنگلىيىنى قوغداش ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيانقى بىر قېتىملىق ئەڭ چوڭ ھاۋا ھۇجۇمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە تەرەپ 76 ئايروپىلان، ئەنگلىيە تەرەپ 34 ئايروپىلان زىيان تارتىپ، گېرمانىيە ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئەنگلىيىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، ھەربىي ئەسلىھەلىرى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. لېكىن، باتۇر ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىمۇ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بەردى. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتۈش ئۈچۈن 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم 81 بومباردىمانچى ئايروپىلاننى ئىشقا سېلىپ، گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بېرلىنغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 1941 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئەنگلىيە ـ گېرمانىيە ھاۋا ئۇرۇشىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ

باسقۇچتا لوندون، بىرمىنگھام ۋە كوۋېنترى قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەر ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. زاۋۇت، پرىستان ۋە تۆمۈر يول تۈگۈنلىرى پارتلىتىلدى، قاتناش ئۈزۈپ تاشلاندى. بىرمۇنچە رايونلار بىر مەھەل ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. كۆپلىگەن قۇرۇلۇشلار بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تۈپتۈز قىلىۋېتىلدى، ھەددى - ھېسابسىز شەھەر ئاھالىلىرى پارتلاشتا جېنىدىن ئايرىلدى، يارىدار بولدى. گېرمانىيە ھاۋا ئارمىيىسى ئەنگلىيىگە قارىتا ئون ئايدىن ئۇشۇقراق ھاۋا ئۇرۇشى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار باشتىن - ئاخىر ھاۋادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىدىن بەرمىدى، ئەنگلىيە خەلقى تىز پۈكمىدى. لوندون شەھىرىنىڭ چىراغلىرى ئاۋۋالقىدەكلا يېنىپ تۇردى. ئاقىۋەت گېرمانىيە ئارمىيىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھاۋا ئۇرۇشىدا ئېغىر بەدەل تۆلىدى. 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى شەرققە يۆتكىلىپ، ئەنگلىيىگە يەنە ھۇجۇم قىلىشقا مادارى يەتمىدى. گىتلېر «دېڭىز شىرى پىلانى»نى كىچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلاپ، «دېڭىز شىرى پىلانى»نى باشتىن - ئاخىر ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

پۈتكۈل ھاۋا ئۇرۇشى داۋامىدا ئەنگلىيە پۇقرالىرى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە جەڭ قىلدى. «لوندون روھى» ئۇرۇش داۋامىدا كەڭ جارى قىلدۇرۇلدى. ئۇرۇشتا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بىرمۇنچە تەسىرلىك ھېكايىلەر خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە چېرچىلنىڭ ئېسىدىن چىقمىدى.

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، چېرچىل مالىيە ۋەزىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشى توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، قىمزا دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى لوندوننىڭ جەنۇبىي رايونىدا قاتتىق پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى. باش ۋەزىر بىلەن مالىيە ۋەزىرى دەرھال پارتلاش يۈز بەرگەن جايغا باردى. ئەسلىدە ناھايىتى چوڭ بىر بومبا چۈشۈپ، ئۇچ قەۋەتلىك 20 — 30 دەك

بىنا، يەنى كىچىكرەك ئولتۇراق رايونىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئېچىنىشلىق خارابىلىك ئىچىدە سانسىزلىغان ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت بايراقچىلىرى پەيدا بولدى. بۇ بايراقچىلارنى كۆرگەن چېرچىل خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا تالاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەر باش ۋەزىرنىڭ ماشىنىسىنى تونۇپ، تەرەپ ــ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بىردەمدىلا 1000دىن ئارتۇق ئادەم ئۇنى ئورىۋېلىپ، گېرمانىيە فاشىستلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان كۈرەش ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. ئۆيۋارانلىرى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا شۇنچىلىك ئۈمىدۋار ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چېرچىل قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۆزلىرىگە ياش ئالدى. شۇ چاغدا بىر موماي تىترەك ئاۋازى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە:

ــ قاراڭلار، باش ۋەزىر بىزگە ھەقىقەتەن كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ئۇ يىغلاۋاتىدۇ! ــ دېدى. چېرچىل كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ بۇ مېنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشىم ئەمەس، بەلكى خۇشاللىق ۋە سىلەرگە بولغان قايىللىق كۆز يېشىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

1940 ـ يىلى 11 ـ ئاي، چېرچىل ئۈچ قېتىم ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بىرمىنگھامنى كۆزدىن كەچۈردى. تەخمىنەن كەچلىك تاماق ۋاقتى بولسا كېرەك، باش ۋەزىرنىڭ ماشىنىسى ئەمدى مېڭىشىغا بىر ئايال ئىشچى ۋارقىرىغىنىچە ماشىنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، بىر قاپ سىگارتنى چېرچىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ماشىنا توختىغاندىن كېيىن ئايال ئىشچى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە:

ــ مەن بۇ ئايدا زەربىدارلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن مۇكاپات ئالدىم. بىر سائەت ئىلگىرى سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى

ئاڭلىغانىدىم، شۇڭا ئالغان مۇكاپاتىمغا بۇ بىر قاپ سىگارتنى سېتىۋالدىم. بۇ سىزگە سوۋغىتىم بولۇپ قالسۇن، — دېدى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن چېرچىل ئاپال ئىشچىنى سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ئادەتتىكى ھەرىكىتى ۋە ساددا گەپلىرىدىن ئېيتقۇسىز بىر مەدەت ئالدى. ئۇ شۇ زامان روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئىشەنچىسىنىڭ ھەسسىلەپ ئاشقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەنگلىيىنى قوغداش جېڭى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق ھاۋا جېڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ھاۋا جېڭىدە گېرمانىيە ئەنگلىيىگە 60 مىڭ تونغا بومبا تاشلىدى، 80 مىڭدىن ئارتۇق ئەنگلىيىلىك بومبىدا پارتلاپ ئۆلدى، 1 مىليوندىن كۆپرەك ئۆيلەر ۋەيران بولدى. ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسى 900 دىن كۆپرەك ئايروپىلان، 400 دىن ئارتۇق ئۇچقۇچى زىيان تارتتى. گېرمانىيە 1700 دىن كۆپرەك ئايروپىلان، 6000 دىن كۆپرەك ئۇچقۇچى زىيان تارتتى. ئەنگلىيە خەلقى باش ۋەزىر چېرچىلنىڭ رەھبەرلىكىدە تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بىتچىت قىلىپ باسقۇنچىلۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

## 3. چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش

فرانسىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنى قوغداش ئۇرۇشى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاندا، چېرچىل ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇزۇل ـ كېسىل غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەتتىكى بارلىق ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەندىن سىرت، خەلقئارادا يېڭى ئىتتىپاقداش دوستقا ئىگە بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، يېڭى ئىتتىپاقداش دوستنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە

ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتە گېرمانىيە بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى ئۇنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەمەلىي كۈچى بولۇشى كېرەكلىكىنى، شۇ چاغدا پەقەت ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىلا مۇشۇنداق شەرتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

چېرچىل روزۋېلت بىلەن ئالاقە باغلاپ، مۇمكىنقەدەر ئامېرىكىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، نۆۋەتتە پۈتكۈل ياۋروپادا پەقەت ئەنگلىيىلا گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئەنگلىيە غەلىبە قازانسا، ئامېرىكا بۇ دەۋرنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزىدۇ. مۇبادا ئەنگلىيە ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالسا، گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇش ئوتى ئامېرىكىغا يامراپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئامېرىكا خەلقىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك ۋە بالايىئاپەت ياغىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىگە ياردەم بېرىپ بىرلىكتە گېرمانىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ كۆرسەتتى. گىتلېرنىڭ «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇشى» ۋە ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ كەينى - كەينىدىن تەسلىم بولۇشى روزۋېلتقا بۇ نۇقتىنى تونۇتتى. چېرچىل بىلەن روزۋېلت تالاي قېتىم سۆزلىشىش ئارقىلىق، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئورتاق تونۇشقا ئىگە بولدى. ئامېرىكا 1940 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ۋە 1941 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ماددىي جەھەتتە ئەنگلىيىگە ياردەم بەردى. ئىتالىيە ئەنگلىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ۋەزىيەت ئەنگلىيىگە نىسبەتەن تېخىمۇ جىددىي بولۇپ كەتتى. چېرچىل 1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە جىددىي ياردەم بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى، 20 - كۈنى ئامېرىكا 500 مىڭ دانە مىلتىق، 80 مىڭ تال پىلىموت، 900 زەمبىرەك، 1 مىليون پاي زەمبىرەك ئوقى قاتارلىقلارنى ئەنگلىيىگە ئەكېلىپ بەردى. بۇ «قىممەتلىك سوۋغات» بالايىئاپەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەنگلىيە خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا «قاتتىق

سوغۇقتا كۆمۈر يەتكۈزۈپ بەرگەن»دەك ئىش بولدى. روزۋېلت ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى چېرچىل ۋە ئەنگلىيە خەلقىنىڭ غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئامېرىكا 50 قوغلىغۇچى كېمە بېرىش ھېسابىغا ئەنگلىيىنىڭ نېۋفوندلاند، بېرمۇدا تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق سەككىز ئارالدا ھەربىي بازا قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالىنىپ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ھەل قىلىندى.

1940 ـ يىلى ئامېرىكىدا تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا، خەلقئارا جەمئىيەت بۇ چوڭ ئىشقا دىققەت قىلماقتا ئىدى. بۇ چاغدا چېرچىل ئىنتايىن ئەنسىزچىلىك بىلەن بۇ سايلام رىقابىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتتى. چۈنكى، ئۇ روزۋېلتىنىڭ يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىش ـ سايلىنالماسلىقى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىگە ياردەم بېرىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاخىر 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئامېرىكىدىكى چوڭ سايلامنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى، روزۋېلت يەنە بىر قېتىم زۇڭتۇڭلۇققا سايلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چېرچىل خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، روزۋېلت دەرھال تېلېگرامما ئەۋەتىپ قىزغىن تەبرىكلىدى، روزۋېلت قايتا زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئامېرىكىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى زاۋۇتتىن چىقىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئەنگلىيە بىلەن كانادا ئارمىيىسىگە بېرىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى. ئامېرىكا ئەنگلىيىنىڭ 11 مىڭ ئايروپىلان زاكاز قىلىش تەلىپىنى قاندۇرغاندىن سىرت، يەنە 12 مىڭ ئايروپىلان بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى خۇشال قىلىدىغان خەۋەر ئىدى. لېكىن، چېرچىل قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدى. چۈنكى، ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان

مۇشۇ كۈنلەردە ئەنگلىيىنىڭ زور مەبلىغى خوراپ تۈگىگەن، ئامېرىكا دوللىرى زاپىسىمۇ ناھايىتى ئاز قالغانىدى. ياشاش ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە خەلقى ئاللىبۇرۇنلا بەلنى مەھكەم باغلىغانىدى. چېرچىل باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئىشلىتىپ، شۇ چاغدىكى ئەھۋالغا: «بىز خۇددى قاقاس دېڭىز ئارىلىدا تۇرۇۋاتقاندەك ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز يېتىشمەيدۇ، لېكىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇشۇ ئوزۇق ـ تۈلۈككە تايىنىپ بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ كۆپرەك چىداشلىق بېرىشىمىز كېرەك» دەپ باھا بەردى. بۇنداق ئەھۋالدا ناھايىتى زور ھەربىي خىراجەتنى قانداقمۇ چىقارغىلى بولسۇن؟

ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كابىنېت قايتا ـ قايتا تەتقىق ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئامېرىكا بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭىشىپ، نەق پۇل تۆلەپ قورال ـ ياراغ سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. چېرچىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى روزۋېلتقا 10 مىڭ خەتكە يېقىن ئۇزۇن بىر پارچە جىددىي خەت يېزىپ، ئەنگلىيىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك توختالدى. خەتتە ئۇ يەنە ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ۋە بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ فاشىست دۆلەتلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن تارتقان زىيانلىرىنى، بولۇپمۇ ئەنگلىيىنىڭ تۆلىگەن ئېغىر بەدەللىرىنى ئالاھىدە مىسالغا ئالدى. خەتنىڭ ئاخىرىدا بۇ باش ۋەزىر: «مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ بىزگە كەڭ قورساقلىق بىلەن ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، دەرھال پۇل تۆلىسەڭلار سىلەرنى قورال ـ ياراغ ۋە تاۋارلار بىلەن تەمىن ئېتىمىز، بۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پرىنسىپىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىز ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە، ئەڭ زور دەرىجىدە

قۇربان بېرىشكە بەل باغلىدۇق، بەلكى بىزمۇ ھەققانىي ئىشلارنى قوغداۋاتقان جەڭچى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى شەرەپلىك ھېس قىلىمىز. بىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن باشقا ئىشلارنى سىزگە ۋە خەلقىمىزنىڭ ئويلىنىشىغا قالدۇردۇق، مەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، سىلەر كەلگۈسىدە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئەۋلادلار ئالقىشلايدىغان يول ۋە ئۇسۇلنى چوقۇم تاپالايسىلەر» دېدى. بۇ خەت چېرچىلنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە روزۋېلتقا يازغان ئەڭ مۇھىم خەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ خەت روزۋېلتنىڭ قولىغا تەگكەندە، ئۇ ئامېرىكىنىڭ «توسكارونا» ناملىق ھەربىي پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ، قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان كارىب دېڭىزىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ بۇ خەتنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۆپكۆك ئاسمانغا ئۇزۇنغىچە كۆز تىكتى. روزۋېلت تۇرۇپ - تۇرۇپ قولىدىكى خەتنى ئوقۇيتتى. تالاي قېتىم قىيىن، مۇرەككەپ خەلقئارا مەسىلىلەر ئىچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلۇپ چىققان بۇ زۇڭتۇڭ ئىككى كېچە - كۈندۈز قاتتىق ئويلىنىپمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالمىدى. دۇنيادىكى رەھبەرلەر ئىچىدە چېرچىلنى روزۋېلتتەك چۈشىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. روزۋېلت ئۇنىڭغا بەكلا قايىل ئىدى، ئاقسارايدىكى زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىنىڭ ئۈستىلىدە ئاغزىدا سىگارت چىشلەپ تۇرغان چېرچىلنىڭ ياغاچتىن ياسالغان ھەيكىلى قويۇقلۇق بولۇپ، ھەيكەلنىڭ ئۈستىگە زۇڭتۇڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن «ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت يوق، بولمىسا 250 ئامېرىكا دوللىرى جەرىمانە ئېلىنىدۇ!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان (روزۋېلت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا بۇ ھەيكەل ئۈستەلدىن ئېلىۋېتىلگەن). ئۇ چېرچىلنىڭ خېتىدىن ھەقىقەتەن ئەنگلىيىنىڭ مالىيە كۈچىنىڭ تۈگەپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ قالغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ

ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى كەيپى - كەيىندىن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، شۇ تاپتا ئەنگلىيىنىڭ بىر تۈپ چىلبۆرىلەر قورشاۋىدىكى ئاچ يولۇچىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇرۇشقا ئىشلىتىشكە بولىدىغان بىر تال كالتەك بولسىمۇ ياردەم قىلىشىغا ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، ئۇنداقتا ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بېرىدىغان چەكلىك ھېسابتىكى ئازراققىنە ئوزۇق - تۈلۈكىنى شەرت ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىسۇنمۇ؟ روزۋېلت بۇ نۇقتىنى چۈشىنەتتى، توغرا تاللاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. لېكىن، بەككىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىنى قانداق قىلىپ يېڭىش كېرەك؟ پارلامېنت ئۇنىڭ تەكلىپ - پىكرىنى قوبۇل قىلارمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر بىۋاسىتە روزۋېلتنىڭ ئالدىغا قويۇلغانىدى.

روزۋېلت بۇ مەسىلىدە جىددىي ھەرىكەت قىلدى. مالىيە مىنىستىرى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن جىددىي مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى»دىن ئىبارەت شانلىق چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئامېرىكىنىڭ قەرز پۇل ياكى ئىجارىگە بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەنگلىيىنى ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىن ئېتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك ھەم قايىل قىلارلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ: «مۇبادا قوشنامنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتسە، مېنىڭ ئېتىزىمنى سۇغىرىشقا ئىشلىتىدىغان شلانكام بار دەيلى. ئۇ چاغدا قوشنام مېنىڭ شلانكامنى ئۆزىنىڭ شلانكىسىغا ئۇلىۋالسا، مەن ئۇنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ياردەم بەرگەن بولىمەن، ھازىر مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ مەن ئوتنى ئۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا: قوشنام بۇ شلانكام 15 دوللارغا يارايدۇ، ماڭا 15 دوللار بېرىپ ئاندىن ئىشلەتكىن، دېمەيمەن، بۇنداق قىلسام بولمايدۇ! ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولىدۇ؟ مەن

15 دوللارنى ئالماي، ئوتنى ئۆچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن شلانكامنى ياندۇرۇپ ئەكېلىشۋالساملا بولدى» دېدى. 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۇ يەنە رادىئو ئارقىلىق ئېلان قىلغان «ئوچاق يېنىدىكى پاراڭ»دا: «ئەگەر بۈيۈك برىتانىيە بىتچىت بولۇپ كېتىدىغان بولسا، پۈتكۈل ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بارلىق كىشىلەر پات ئارىدا مىلتىق ئاستىدا ياشايدۇ... بىز كۈچىمىزنىڭ بارىچە ئۆز ئىلكىمىزدىكى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچتىن تولۇق پايدىلىنىپ، قورال ـ ياراغ ۋە پاراخوت ئىشلەپ چىقىرىشىمىز كېرەك... بىز دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ چوڭ قورال ـ ياراغ زاۋۇتىغا ئايلىنىشىمىز كېرەك» دېدى.

روزۋېلت بۇ سۆزنى قىلىپ ئەتىسى چېرچىل ئامېرىكا زۇڭتۇڭىغا تېلېگراما ئەۋەتىپ، «ئوچاق يېنىدىكى پاراڭ»دىن ئىنتايىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. تېلېگراممىدا مۇنداق دېيىلدۇ: «مەن سىزنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ئەنگلىيىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس كۈرەش ئىرادىسىنى قوللايمىز ھەمدە ئۇنۇملۇك ھالدا قوراللاندۇرىمىز، بۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختەرلىكى ۋە گۈللەپ ـ ياشنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، دەپ بايانات ئېلان قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن... بىزگە بوران ـ چاپقۇن پات ئارىدا يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغان يېڭى يىلدا ئىشلىرىڭىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.»

1941 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى روزۋېلت پارلامېنتقا رەسمىي دوكلات خېتى سۇنۇپ، پارلامېنتنىڭ «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى»نى تەستىقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پارلامېنتتىكى بىر قىسىم يەككىچىلىك تەرەپدارلىرى بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقىپ، «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى»نى ماقۇللاش گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ چاغدا ئامېرىكا ياۋروپا ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرىلىدۇ، بۇ بىتەرەپلىك پرىنسىپىقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئەمما، روزۋېلت

قاتارلىقلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى سەۋەبىدىن پارلامېنت كەسكىن بەس - مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن، ئاخىر 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى»نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن «ئۇدۇللۇق سېتىۋېلىپ ئۆزى توشۇش» پرىنسىپىنى بىكار قىلىپ، ياردەم ئالغۇچى دۆلەت ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا، «قەرز ئالغان پۇل ياكى ئىجارىگە ئالغان» قورال - ياراغ ۋە ماددىي ئەشيالارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى. «ئىجارىگە بېرىش قانۇنى» 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە - ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ گېرمانىيە فاشىزمىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنىڭ نامايەندىسى. چېرچىل بىلەن روزۋېلتتىن ئىبارەت ئىككى رەھبەر بۇ قانۇننىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

بۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىدا خېلى زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىتالىيە ئارمىيىسىنى خېلى كۆپ مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچراتتى. مۇسسولىنىنىڭ كۈچلۈك تەلەپ قىلىشى بىلەن گىتلېر «قۇملۇق تۈلكىسى» دەپ نامى بار روممېلنى ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتتى. ئەمما، ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى مۇسسولىن ۋە گىتلېرنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قالدۇردى. غەلىبە خەۋەرلىرى كەينى - كەينىدىن ئەنگلىيىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ ئەنگلىيە خەلقىگە زور مەدەت بولدى. باش ۋەزىر چېرچىل ئافرىقا ئالدىنقى سېپىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن دائىم دېگۈدەك ئۇرۇش ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى. ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىشى ھەربىر قوماندان - ئەسكەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارمىيىنىڭ ئابرۇيىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى. ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىدىكى غەلىبىنى ئۇنىڭ ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

1941 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئىشىكنىڭ جىددىي قېقىلىشىدىن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چېرچىل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، ئۇيقۇچان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى.

ـــ باش ۋەزىر ئالىيلىرى، گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلاپتۇ...

خىزمەتچى خادىم كولۋىل گېپىنى تۈگەتكىچىلا چېرچىل ئۇنىڭ سۆزىنى چىڭ قامالالاپ تۇتتى. كولۋىل چۆچۈپ كېتىپ باش ۋەزىرگە قارىدى.

ـــ بۇ راستمۇ؟

ـــ ھەئە... راست... بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، ـــ دېدى كولۋىل تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

ـــ قاچان ھۇجۇم قىپتۇ؟ نېمىشقا بۇ ئىشنى ماڭا ھازىر مەلۇم قىلىسىلەر؟

ـــ چۈنكى، سىز نېمىسلار ئەنگلىيىگە تاجاۋۇز قىلمىسىلا، مېنى ئەتىگەن سائەت 8 دىن ئىلگىرى ھەرگىز ئويغاتماڭلار، دېگەنىدىڭىز، ھازىر سائەت 8 دىن بىرنەچچە مىنۇتلا ئۆتتى!

ـــ ناھايىتى ئوبدان قىلدىڭىز، ـــ چېرچىل شۇنداق دەپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ـــ باش ۋەزىر، ئېھتىيات قىلىڭ، سوغۇق تېگىپ قالىدۇ! ـــ دېدى كولۋىل جىددىيلىشىپ.

چېرچىل شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ تېخى كىيىم كىيمىگەنلىكىنى بىلدى.

شۇ كۈنى ئۇ پۈتۈن بىر كۈن ئىشخانىسىدىن چىقماي نۇتۇق تېكىستى تەييارلىدى. گىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىشى چېرچىل ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ياخشى خەۋەر ئىدى: ئەنگلىيە ئاخىر ئىتتىپاقداش ئارمىيىگە ئىگە بولدى، بۇ خۇدانىڭ ئەنگلىيە خەلقىگە بەرگەن ئەڭ ياخشى سوۋغىتى ئىدى. چېرچىل ھەش ـ

www.uyghurkitap.com

پەش دېگۈچە يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان يۈكنىڭ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ كۈنى باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن تالاي كۈنلەردىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ناھايىتى يېنىكلەپ قالغاندەك سەزدى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 9دا ئەنگلىيە رادىئو ئىستانسىسى چېرچىلنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاتتى. چېرچىل رادىئودا:

— ئۆتكەنكى 25 يىل داۋامىدا ماڭا ئوخشاش باشتىن - ئاخىر ئىزچىل تۈردە كوممۇنىزمغا قارشى تۇرغان بىرەر ئادەم چىقمىغاندى. مەن بۇ سۆزۈمدىن يېنىۋالماقچى ئەمەسمەن، لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئالدىدا خىرەلىشىپ كەتتى، ئۆتكەنكى بارلىق ئىشلار، ھەتتا ئۇنىڭ جىنايىتى، ئەخمەقلىقلىقى ۋە تراگېدىيىسى كۆز ئالدىمىزدىن «يالتتىدە» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى... رۇسىيىنىڭ بېشىغا كەلگەن خەۋپ - خەتەر بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن خەۋپ - خەتەر، شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ بېشىغا كەلگەن خەۋپ - خەتەردۇر. رۇسىيىلىكلەرنىڭ ۋەتەنىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ئىشلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئەركىن خەلق ۋە ئەركىن مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشاش... بىز شەپقەتسىز تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئالايلى، قاتتىق تىرىشايلى، نەپەس توختاپ قالمىسىلا تەندە كۈچ - قۇۋۋەت بولىدۇ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ دۈشمەننى يىتچىت قىلايلى! — دېدى.

بىر ئادەمنىڭ ئۆز دۈشمىنىنى يېڭىشى ئوڭاي بولغىنى بىلەن، ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كېلىشى تولىمۇ تەس بىر ئىش، چېرچىل شۇ تاپتا بۇ ئىشنىمۇ پۈتتۈرۈپ بولغانىدى. ئەنگلىيىدە ھەقىقەتەن ۋىنستون چېرچىلدەك باشتىن - ئاخىر قەتئىي بوشاشماي، قەيسەرلىك بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. لېكىن، مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇ دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۆرۈشى ئۈچۈن ئىنتايىن زور بۇرۇلۇش ياسىدى. چېرچىل ھەقىقەتەن ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى بولۇشقا مۇناسىپ.

چېرچىل بۇ مۇھىم سۆزىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزۈندىن بېرى مۇزلاپ كەتكەن توڭ ئاستا ـ ئاستا ئېرىشكە باشلىدى. 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىش ۋەزىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى سۆھبەتلەشتى، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئەنگلىيىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ستالىن ۋە مولوتوف بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى گېرمانىيىگە قارشى ئورۇشتا ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىش ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ئەنگلىيە ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەتلىرى دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش يولىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تۇنجى قەدەمنى تاشلىدى. «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش» چېرچىلنىڭ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى يەنە بىر مۇھىم ئىشى بولدى.

1941 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ياپونىيە ئارمىيىسى ئامېرىكىنىڭ پېورل ـ خاربور پورتىدىكى دېڭىز ئارمىيە بازىسىغا تۇيۇقسىز شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، تىنچ ئوكيان فلوتىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيران قىلىۋەتتى، شۇ كۈنى چېرچىل ئۆزىنىڭ خاس داچىسىدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەرھال خىزمەتچى خادىملىرىغا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتنىڭ تېلېفونىنى ئۇلاپ بېرىشنى بۇيرۇدى. بىر پەستىلا تېلېفون ئۇلاندى، روزۋېلت سالماقلىق بىلەن:

— ياپونىيە پېورل ـ خاربور پورتىدا بىزگە ھۇجۇم قىلدى، ھازىر بىز قىيىن كۈنلەردە بىللە بولغان دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

خەۋەرنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، چېرچىل دەرھال باش ۋەزىر ئىشخانىسىنىڭ نۆۋەتچى خادىمىغا بىر ئامال قىلىپ تۆۋەن پالاتا باشلىقىغا، پارلامېنتتىكى ھەرقايسى پارتىيە رەھبەرلىرىگە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارغا ئەتە ئىككى پالاتانىڭ بىرلەشمە يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى ھەققىدە تېلېفون بېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. باش ۋەزىر يەنە ئۆزى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تېلېفون بېرىپ، ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىشىنى قىلچە كېچىكتۈرمەي بېجىرىشنى تەلەپ قىلدى. چېرچىل بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى ۋاقىتىنچە دەم ئالغاندەك بولدى. ئۇ: ئەخمەق ياپونىيىلىكلەر ئەنگلىيىگە ئاجايىپ ياخشى بىر سوۋغات بەردى. ھازىر ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ تەقدىرى بىر - بىرىگە چىڭ باغلىنىپ كەتتى. پەقەت ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ فاشىستىك دۆلەتلەرگە بىرلىكتە قارشى تۇرىدىغانلا بولسا، غەلىبە قىلىش ئىلگىرى ياكى كېيىنلىكتىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا ئۇ دەرھال ئامېرىكىغا بېرىپ، روزۋېلت بىلەن بىللە نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ فاشىزمغا قارشى ۋەزىيىتى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنى چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چېرچىل ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدى. زۇڭتۇڭ روزۋېلت ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى «ئاكادىيە» يىغىنى جىددىي، ئەمما سەمىمىي، دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى. ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى دائىم بىرلىكتە تاماق يېدى. ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى ئىككىيلەننىڭ خىزمەت قىلىش، مۇھىم مەسىلىلەردە سۆزلىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. چېرچىل گۈلدۈرلەپ تۇرغان زەمبىرەك ئاۋازلىرى ئىچىدە، يەنى يات بىر ئەلدە ئۇنتۇلغۇسىز بىر روژدېستۋو بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشنى

خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. شۇ كۈنى باش ۋەزىر بىلەن روزۋېلت بىللە چېركاۋغا باردى. چېرچىل تەگرىگە ئاتالغان مەدھىيە ناخشىسىنى قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇدى. ئۇ ئاقسارايىنىڭ گۈللۈك سەيناسىدا 30 مىڭ ئاممىغا ئىلھام بېغىشلايدىغان، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاجايىپ ياخشى نۇتۇق سۆزلىدى. ئامېرىكا خەلقى ئۇنىڭ نۇتقىغا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياغدۇراتتى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئاساسلىقى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەتنىڭ ياۋروپادا بىللە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى كېڭەشىپ بېكىتتى، شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ فاشىزم ئوق مەركىزى گۇرۇھىغا قارشى تۇرىدىغان ھەرقايسى دۆلەتلەر خىتابنامىسىنى تۈزدى. مۇشۇ ئاساستا 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە جۇڭگو قاتارلىق 26 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ۋاشىنگتونغا كېلىپ «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويدى. خىتابنامىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى مۇنداق: خىتابنامىگە قول قويغۇچى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي بايلىقىنى ئىشلىتىپ، فاشىست ئوق مەركىزى دۆلەتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچى دۆلەتلىرىنى مەغلۇپ قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھەربىر دۆلەت فاشىستىك دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلاشماسلىققا ھەمدە ئۆز ئالدىغا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ياكى سۈلھى شەرتنامىسى تۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

چېرچىل بىلەن روزۋېلتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر خىتابنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى دۇنيادىكى تىرىسى تىلى ۋە ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان دۆلەتلەرنى فاشىزمغا قارشى بايراق ئاستىغا ئىتتىپاقلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە چوڭ بىرلىشىش ئەمەلگە ئاشتى.

www.uyghurkitap.com

## 4. شانلىق دەقىقىلەر

پۈتۈن دۇنيادىكى فاشىزمغا قارشى سەپنىڭ چوڭ بىرلىكىشى گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيە قاتارلىق فاشىست دۆلەتلىرىنى بارغانسېرى يېتىم ھەم تايانچسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. قەبىھ ئۇرۇش ئوتى يەنىلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قاپلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن جايلىرىدا فاشىست ئارمىيىسى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى.

1942 ـ يىلى ياۋروپادىكى گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسى رومىلنىڭ باشچىلىقىدا مالتا ئارىلىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. چېرچىل دۈشمەننىڭ بۇ سۈيىقەستىنى ۋاقتىدا بىلىپ قالدى، دېمىسىمۇ، ئۇ مالتا ئارىلىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلەتتى. مالتا ئارىلى ئاتلانتىك ئوكياندىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغا ۋە ھىندى ئوكيانغا بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆڭۈلدىكىدەك دېڭىز ئارمىيە بازىسى ئىدى. مالتا ئارىلىنى ئىگىلىۋېلىش ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىق بىلەن باراۋەر ئىش ھېسابلىناتتى. چېرچىل بۇ قەلئەنى قوغداش ئۈچۈن، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي، مەزكۇر ئارالنى قاتتىق قوغدىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ئۇرۇشى تارىخىدا بىر مەيدان كەسكىن جەڭ بولدى. ئەنگلىيە دېڭىز، ھاۋا ئارمىيىسى ئىنسان ئەقلىگە سىغمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، گېرمانىيە، ئىتالىيە ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى، چېرچىل پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قايتۇرما ھۇجۇمغا دەل ۋاقتىدا قوماندانلىق قىلىپ، روممېلنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئافرىقىدىكى ئەنگلىيىنىڭ 8 ـ كورپۇس ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى گېنېرال مونتگومېر

مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «ئەل ئالەمىن ئوپېراتسىيىسى»نى قوزغاپ، روممېلنىڭ «ئافرىقا بۈركۈتى»گە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا ئارمىيىسى شىمالىي ئافرىقىدىكى ماراكەش ۋە ئالجىرىيىنىڭ دېڭىز ساھىلىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بىر قاتار غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى موسكۋانى قوغداش ئۇرۇشىدىن كېيىن، ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلغان گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ئەجەللىك زەربە بەردى.

شىمالىي ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئەل ئالەمىن ئوپېراتسىيىسى بىلەن سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇش مەيدانىدىكى ستالىنگرادنى قوغداش ئۇرۇشى، تىنچ ئوكيان ئۇرۇش مەيدانىدىكى گۇۋادالكانال ئوپېراتسىيىسى قاتارلىقلار 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. 1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئارمىيىسى سىتسىلىيە ئارىلىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش ئوپېراتسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇرۇش ئوتىنى ئىتالىيىنىڭ بوسۇغىسىغا تۇتاشتۇردى. مۇسسولىن خەلقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتى ئاستىدا تەختتىن چۈشتى.

فاشىست گېرمانىيىسىنى تارمار قىلىشنى تېزلىتىپ، ئۇرۇشنى بالدۇرراق ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇ يىلى 11 ـ ئايدا چېرچىل، روزۋېلت ۋە ستالىن قاتارلىقلار ئىراننىڭ پايتەختى تېھراندا مەشھۇر تېھران يىغىنىنى ئاچتى. بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزگەن خەلقئارالىق يىغىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىغىندا ئاساسلىقى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ غەربىي

www.uyghurkitap.com

ياۋروپادا «2 ـ فرونت» ئېچىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىدى. يىغىن «ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى 1944 ـ يىلى 5 ـ ئايدا فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ، بۇ رايوننى تېز سۈرئەتتە ئىشغال قىلىدۇ، بۇ ھەرىكەت «زومىگەر ئوپېراتسىيىسى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا بىر يۆنىلىشتىكى ئارمىيە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ، ئاندىن ئىككى ئارمىيە بىرلىكتە ماسلىشىپ گېرمانىيىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ھەمكارلىشىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. تېھران يىغىنى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولۇپ، پوتكول 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئاياغلىشىشىدا زور رول ئوينىدى ۋە تەسىر كۆرسەتتى.

تېھران يىغىنىدىن كېيىن، چېرچىل ئۇرۇش تەييارلىق خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. ئۇ روزۋېلت بىلەن ئەتراپلىق كېڭەشكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ گېنېرالى ئېيزىنخاۋېرنى غەربىي شىمالى ياۋروپادىكى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىققا رەسمىي تەيىنلىدى. قۇرۇقلۇققا چىقىشنىڭ ئەڭ ياخشى لايىھىسىنى تاللاش ئۈچۈن، ئۇ گېنېرال ئېيزىنخاۋېر بىلەن ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىر نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشنى بېكىتتى.

چېرچىل ئەنگلىيە بوغۇزىنىڭ جىددىي ئېقىمى، كۆچلۈك دولقۇنى ۋە ھاۋا رايىنىڭ دائىم نورمال بولماسلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، بىر يىل ئىلگىرى ئىنژېنېر ـ تېخنىك خادىملارنى تويلاپ مەخسۇس «سۈنئىي پورت» لايىھىلىدى، بۇنداق سۈنئىي پورت زامانىۋى قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللانغان 1 ـ 2 مىليون كىشىلىك زور قوشۇننىڭ

ئوڭشۇشلۇق ھالدا قۇرۇقلۇققا چىقىشىغا ھەمدە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى، ئەنگلىيە بۇ قېتىمقى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۈچۈن زور مىقداردا ئارمىيە، ئايروپىلان، كېمە ـ پاراخوت ۋە جەمئىي 39 دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچ تەييارلىدى. قىسقىسى، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ 2 مىليون 890 مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسى بۇ چوڭ ئوپېراتسىيىگە ئاتلاندۇرۇلدى.

1944 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنگلىيە بوغۇزىدا 20 يىلدىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان شامال چىقىپ، كۈچلۈك دېڭىز دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنىڭ مۇشۇنداق ناچار ھاۋا شارائىتىدا قۇرۇقلۇققا چىقىش ھۇجۇمى قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە ئىتتىپاقداش ئارمىيە سۇنىڭ كۆتۈرۈلۈش پەيتى ۋە ھاۋانىڭ ۋاقتىنچە ئوچۇق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ نورماندىيە رايونىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا باشلىدى. سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى قىسىملىرى سېينا دەريا ساھىلىغا چىقتى، بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بىرىنچى تۈركۈمدىكى قىسىملار قۇرۇقلۇققا چىقتى، شۇ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ بەش دىۋىزىيىسى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، گىتلېرنىڭ «ئاتلانتىك ئوكيان ئىستىھكامى» قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە بىتچىت قىلىندى.

قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىقىش مەقسىتىنى ئېنىق بىلەلمىگەچكە، ئۆز ۋاقتىدا بارلىق كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەلمىدى، نەتىجىدە ياخشى پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويدى. 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىتتىپاقداش ئارمىيە قۇرۇقلۇققا چىقىش بازىسىنى كېڭەيتتى، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە قۇرۇقلۇققا چىققان ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

1 مىليونغا يەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 20 كۈنى چېرچىل ئامېرىكىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ چېربۇرگ يېرى ئارىلىغا بېرىپ، ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە سۈنئىي پورتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. 24 ـ كۈنى ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشنى غەلىبىلىك ھالدا ئورۇندىدى.

ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، گېرمانىيە ئارمىيىسى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى 6 ـ ئايدا كەڭ كۆلەملىك يازلىق ھۇجۇم قوزغاپ، 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە پرۇسسىيە چېگراسىغا يېتىپ كەلدى. بىر مەھەل ئەسەبىيلەشكەن فاشىستىك گېرمانىيە قاتمۇ قات مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى. خەتەرلىك كۈنلەر گېرمانىيە زېمىنىغا كۈنسېرى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سوۋېت ئارمىيىسى بېرلىننى ئىشغال قىلدى. گىتلېر ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ مارشالى كېيتېل گېرمانىيە ئالىي قوماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن شەرتسىز تەسلىمنامىگە قول قويدى. ئالتە يىلغا يېقىن ۋاقىت ياۋروپانى قاپلىغان ئۇرۇش ئوتى ئۆچتى.

چېرچىل ياۋروپادىكى ئۇرۇش ئوتىغا ھەمراھ بولۇپ، ئەنگلىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئەڭ مۇشكۈل يىللارنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق چاغلار ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چېرچىل بولمىغان بولسا، ئەنگلىيە بۇ ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقالامدۇ ـ يوق، بەلكىم بۇمۇ بىر سوئال بولۇشى مۇمكىن. ئۇ دەل مۇشۇ بىر مەزگىلدە ئۆچمەس خىزمەت ۋە ئاجايىپ زور تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن دۇنيا دىققەت قىلىدىغان ئۇلۇغ شەخسكە ئايلاندى. ئۇ ھەقىقەتەن «دۆلەتنى قۇتقۇزغان قەھرىمان» دېگەن نامغا مۇناسىپ.

# بەشىنچى باب قەھرىماننىڭ ئاخىرقى ئۆمرى

## 1. كىشىلەر قەلبىدىن ئۆچكەن باش ۋەزىر

دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ياۋروپا ئۇرۇش مەيدانىدىكى پەردە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، فاشىستىك گېرمانىيە ئۈستىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى مۇستەھكەملەش ۋە پارتىيىگە قارشى ئۇرۇشنى تېزرەك ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى پوتسامدا يىغىن ئاچتى، ئىلگىرىكى ئۈچ كاتتىۋاشتىن ئىككىسى قالغانىدى، غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا مېيىپ، ئەمما جاسارەتلىك ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت ھاردۇق يېتىپ ئاغرىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋارىسى ترۇمېن يىغىنغا قاتناشتى، بۇ قېتىمقى يىغىن مەزگىلىدە ئەنگلىيىدە چوڭ سايلام ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بىر قېتىملىق پارلامېنت سايلىمى ئىدى.

پوتسدام يىغىنىدا چېرچىل تولىمۇ تېتىك، روھلۇق يۈردى، بۇ چاغدا غەلىبە خۇشاللىقىغا غەرق بولغان بۇ باش ۋەزىر مەملىكەتتىكى سايلامنى پەقەت رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا قىلىنىۋاتقان ئىش، ئەنسىز يىللاردا «دۆلەتنى قۇتقۇزغان قەھرىمان»نىڭ ئۇدا باش ۋەزىر بولۇشىدا گەپ يوق، دەپ قارايتتى، چېرچىلنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ سايلام نەتىجىسىنى ئاڭلاپ كېلىشى ئۈچۈن، ستالىن بىلەن ترۇمېن مەسلىھەتلىشىپ

www.uyghurkitap.com

يىغىننى ۋاقتىنچە توختىتىشنى بېكىتتى. 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، چېرچىل قىزى مارىنى ئېلىپ لوندونغا ئۇچتى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققانلارغا: «مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن» دېدى. شۇ كۈنى كېچىسى چېرچىل خوتۇنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولۇپ، ئەتىكى چوڭ سايلامنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيدىغان بولدى. قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرى ئۆچۈپ، تۈن پەردىسى بېشىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەن بۇ پايتەخت شەھەرنى ئاستا ـ ئاستا قاپلىدى. بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر، جىمى تەكەببۇرلۇقلارنىڭ پەيلەشلىرىدە تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن چېرچىل شېرىن چۈش قوينىغا غەرق بولدى. ئۇنىڭ ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى، لېكىن ئۇنىڭ كۈتۈپ تۇرۋاتقىنى زادى قانداق نەتىجە؟

7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى «غەلىبىنى تەبرىكلەش» يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان چۈشلۈك زىياپەت تەييارلاندى. مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. چوڭ سايلامنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى: لېيبورىستلار پارتىيىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى. لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى ئاتلى يېڭى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەندى. بۇ خەۋەر چېرچىلغا خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك بىلىنىپ كەتتى. شاد ـ خۇراملىق پەيزىگە چۆمۈپ زەپەر چوققىسىدا تۇرغان چېرچىل ئازاب ـ ئوقۇبەت، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە مەغلۇبىيەتنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا بىراقلا غۇلاپ چۈشتى. ئۇ ھەقىقەتەن بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلالمىدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى خەلقنىڭ بۇ داھىيسىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى ھېچكىم يېتىشەلمەيدىغان يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈۋەتكەن، ئەمما سايلىغۇچىلار قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلماي ئۇنى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىدىن ۋاز كەچكەندى. شۇ چاغدا ئۆزىنى ئۇرۇش يىللىرىدىكى بارلىق ئارمىيىنىڭ ئۇلۇغ ھەربىي داھىيسى دەپ ھېسابلاپ كەلگەن چېرچىلغا

ئەسكەرلەرنىڭ كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىگە قارشى بېلەت تاشلىغانلىقى ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلدى، زىياپەت سورۇنىدا ئولتۇرغان چېرچىل داڭقېتىپ، كۆڭلى بەكلا يېرىم بولۇپ كەتتى، ھەتتا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى، يېنىدا ئولتۇرغان قىزى بىچارە دادىسىغا ئىچى ئاغرىپ ھەسرەتلىك كۆز يېشى تۆكتى.

چېرچىل ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ سايلامدا مەغلۇپ بولۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى، كۆرۈنۈشتە سايلام نەتىجىسى كىشىلەرنى بىر ئاز ھەيران قالدۇرغىنى بىلەن ماھىيەتتە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغانىدى. دېمىسىمۇ، چېرچىل ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بىرمۇنچە خاتالىقلارنى سادىر قىلغانىدى. ئەينى چاغدا، يەنى ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغان مەزگىللەردىلا چېرچىل: ئەنگلىيىنىڭ ياۋروپادىكى رەقىبى گېرمانىيە، يىراق شەرقتىكى رەقىبى ياپونىيە، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى رەقىبى بولسا سوتسىيالىزم ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر، دەپ قارايتتى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشقا ئەگىشىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ كاپىتالىزم تۈزۈمىنى بىتچىت قىلىپ، بىرمۇنچە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. چېرچىلنىڭ نەزىرىدە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلىشىشى ھەم غەلىبە، ھەم پاجىئە ئىدى، ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى رېتسار ۋە جاھانگىرلىك مۇستەملىكە تۈزۈمىنىڭ قوغدىغۇچىسى دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئادەم تارىخ ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشنى خالىماي، پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن ئاسمان ـ زېمىننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشنىلا ئويلايتتى. ئۇ ھەتتا 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا يېڭىلگەن دۈشمىنى ناتسىست ئۇنسۇرلىرى بىلەن بىرلىشىنى، مىللىتىنىڭ ئۈچىنى ئەڭ خەتەرلىك پەيتتە ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغان ئىتتىپاقداش دۆلەت

www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى.

چېرچىلنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۇرۇشنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان ئەنگلىيە خەلقى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەنىدى. خەلقنىڭ چېرچىلغا ئالقىش ياغدۇرىشى ۋە ئۇنى ھۆرمەت قىلىشى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى يېڭى ئۇرۇش قوزغىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.

ئۇرۇشنىڭ ئاياغلىشىشىغا ئەگىشىپ، شۇ چاغدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چېرچىل بىرلەشمە ھۆكۈمەتنى تارقىتىپ، ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللىدى. ئۇ يېڭى چوڭ سايلامدىن ئىلگىرى بۇ دۆلەتنى باشقۇرۇپ تۇردى. ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەركىبى ئەينى چاغدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوڭچىللار بىلەن تولغان بولۇپ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى چېرچىلنىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمىتىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. مانا بۇ چېرچىلنىڭ تاكتىكا جەھەتتە ئۆتكۈزگەن تۇنجى ئېغىر خاتالىقى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە خەلقى دېموكراتىك ئاساستا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، چېرچىل ھەمدە ئۇنىڭ پارتىيىسى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش كۆردى. يەنە كېلىپ، ئىچكى ئىشلار توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزمىدى. بۇ چاغدا لېيبورىستلار پارتىيىسىنىڭ رىقابەت سايلىمىدىكى پروگراممىسى دەل خەلقنىڭ قەلب ساداسىغا ۋەكىللىك قىلدى. چېرچىل بۇلارنى چۈشەنمەي، ئەكسىچە لېيبورىستلار پارتىيىسىنى «سوتسىيالىستىك سىياسىي پارتىيە» دەپ قاتتىق ھۇجۇم قىلغانىدى. ئەمما، ئەنگلىيە خەلقى سوتسىيالىستىك دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن

تۆھپىسىدىن سوتسىيالىزمنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا، چېرچىلنىڭ ئەيىبلىشى دەل لېيبورىستلار پارتىيىسى ئۈچۈن بىر تەشۋىقات بولدى. بۇ، ئاممىدىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش پاراستىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشەنگەن چېرچىلنىڭ ئىككىنچى خاتالىقى ئىدى. قىسقىسى، چېرچىلنىڭ سايلامدىن قېلىشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنىڭ تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ كەلگۈسىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىنچلىقنى قوغدايدىغان، ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت ئىزدەيدىغان ئادەمنى سايلاپ چىقىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەنسىز يىللاردىكى قەھرىمان ــ چېرچىلنىڭ ھەقىقەتەن ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

چېرچىل ئەنگلىيە خەلقىنىڭ 1945 ـ يىلىدىكى سايلامدا ئۆزىگە تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ ھەم كەچۈرمەيدۇ، ئۇ «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق كىتابىدا قەدىمكى يۇنان يازغۇچىسى پلۇتاركنىڭ «ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىدىن مىننەتدار بولماسلىق ھېسسىياتى قۇدرەتلىك مىللەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئەنگلىيە خەلقىنى ئەيىبلىگەن. ئۇ: ئەنگلىيە خەلقىنىڭ مەندىن ۋە مېنىڭ پارتىيەمدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئەڭ يەڭگىللىك بىلەن قىلغان ئىشى، دەپ قارىغان.

شۇنداق قىلىپ، چېرچىل پوتسدامغا قايتالمىدى، 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قايغۇلۇق كەيپىيات بىلەن تۆۋەندىكى «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە خەت»نى ئېلان قىلدى:

«ئەنگلىيە خەلقىنىڭ قارارى بۈگۈن ئېلان قىلىنغان سايلام بېلىتىگە خاتىرىلەندى. شۇڭا، سىلەر قاراتقۇ مەزگىللەردە ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىدىن بوشىتىلدىم... ھازىر خەتەرلىك يىللاردا مەن خىزمەت قىلغان برىتانىيە خەلقىگە چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com

مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرىمەن، ئۇلارنىڭ مەن خىزمەت قىلغان كۈنلەردە مېنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن قوللىغانلىقىغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ خەلق چاكىرى بولۇپ كۆرسەتكەن بىرمۇنچە ئىلتىپاتلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.»

71 ياشلىق چېرچىل ھەر ھالدا سىياسىي سەھنىدىن مەڭگۈ چېكىنىپ چىقتى.

## 2. جىددىي ئېقىمدىن باتۇرلۇق بىلەن چېكىنىش

تەختتىن چۈشكەن چېرچىل دائىم ئۆزى يالغۇز بىر تۇپ قېرى دەرەخنىڭ تۈۋىدە كەچ كىرگىچە جىمىمدە ئولتۇراتتى. دېمىسىمۇ يالغۇزچىلىق ئۇنىڭ جېنىغا بەكلا تەگكەنىدى. زېرىكىشلىك ۋە ئازاب ئىچىدە قالغان چېرچىل بۇ مۇرەككەپ دۇنيانى يېڭىۋاشتىن كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تېخى يوقالمىغان يۈكسەك ئىرادىسى ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆزىنى ئوڭۇشۋېلىشقا ئۇنى يەنە بىر قېتىم رىغبەتلەندۈردى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنى مەسخىرە قىلىدىغان مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرگەن: بىر كۈنى چېرچىل تاكسى شوپۇرىغا: «سەن مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرغىن» دېدى. «ياق، — دېدى شوپۇر دەرھاللا، — مەن قايتىپ چېرچىلنىڭ ئېسىل نۇتقىنى ئاڭلايمەن.» چېرچىل ئۇنىڭ جاۋابىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپ، دەرھال ئۇنىڭغا ئىككى فوند ستېرلىڭ ئارتۇق بەردى. «ۋۇي، مەن سىزنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، ئۇ چېرچىل بولامدۇ ـ بولمامدۇ، چاتىقىم نېمە» دېدى شوپۇر. شۇنىڭ بىلەن چېرچىل ئۆزىنىڭ ئۇنچىلىك قالتىس ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئىككى فوند ستېرلىڭ دەسسىيەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن.

چېرچىل يەنە: «بىز كۆپچىلىك قۇرت. بىراق، مەن ئۆزۈمنى پارقىراق قوڭغۇز، يورۇقلۇق ئىلىپ كېلەلەيمەن، دەپ قارايمەن»

دېگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆپلىگەن دوستلىرى ئۇنى پارلامېنتتىن ئايرىلىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب يېزىشقا سەمىمىي دەۋەت قىلدى. ئەمما، چېرچىل بۇ نەسىھەتلەرگە قۇلاق سالمىدى.

ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش چېرچىلنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەڭلا چارچىتىۋەتكەنىدى. ئۇرۇش ۋاقتىدا قوماندانلىقنى ئۈستىگە ئېلىش تولىمۇ جاپالىق ۋە قىيىن خىزمەت ئىدى. چېرچىلنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، چېرچىل بەش يىللىق ئۇرۇش مەزگىلىدە تۈزۈك ئارام ئېلىپ باقمىغان. ئۇ ھەر كۈنى سائەت 8 دە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتىسى سائەت 2 ـ 3 لەرگىچە ئىشلىگەن، بەزى چاغلاردا ئۈنىڭدىن ئۇزاق ئىشلەپ كەتكەن. خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، چېرچىلنىڭ سالامەتلىكى بارا ـ بارا ئەسلىگە كەلدى ھەمدە كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ كەتتى. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئىنتىقام ئېلىش تەشنالىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ دوۋنىنگ كوچىسى 10 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ: «مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن. بۇ خۇددى قۇياش ئەتە ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققىنىغا ئوخشاش مۇقەررەر قانۇنىيەت» دېدى.

چېرچىل بىر ئۆمۈر ئەنگلىيە ـ ئامېرىكىنىڭ يېقىن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئامېرىكا پەرەسلىكى ئېھتىمال ئامېرىكىلىقلار بىلەن كۆپرەك قانداشلىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى سوۋېت ئىتتىپاقى، دەپ قارىغانلىقىدۇر. شۇڭا، چېرچىل ھەمىشە يەرگە بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىزمغا قارشى «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نۇتقىنى بازارغا سالدى. ئۇ 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ بىر ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇتۇق سۆزلىگەندە: «ياۋروپادا (تۆمۈر پەردە) چۈشۈرۈلدى...»

دېگەن. بۇ نۇتۇق «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» نەزەرىيىسىگە ئاساس سالدى.

«2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەسلىمە» ناملىق كىتابىنىڭ نەشردىن چىقىپ زور شۆھرەت قازىنىشى چېرچىلنى خۇشال قىلدى. دېمىسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن كاتتا نەتىجە ئىدى. بۇ كىتابنىڭ قەلەم ھەققى چېرچىلنىڭ ئىلگىرى ئالغان بارلىق قەلەم ھەققىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. پەقەت ئامېرىكىدا چىقىدىغان «تۇرمۇش» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 2 مىليون دوللار خەجلەپ ئەسەرنى ئاۋۋال ئۇلاپ بېسىش ھوقۇقىنى سېتىۋالدى. مەزكۇر كىتابنىڭ 1 ـ تومى تارقىتىلىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا 200 مىڭدىن كۆپرەك سېتىلىپ، شۇ چاغدىكى بازىرى ئادەتتىن تاشقىرى ئىتتىك كىتابقا ئايلاندى. شۇڭا، چېرچىل چاقچاق قىلىپ: «مەن كىتاب يازمىدىم، بايلىق توپلىدىم» دېدى.

1951 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەنگلىيىدە چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلدى. 77 ياشقا كىرىپ قالغان چېرچىل ئاخىر مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپ دوۋنىنگ كوچىسى 10 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە يەنە قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگىنىدىن چېرچىل ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. چۈنكى، 1940 ـ يىلى ئۇنىڭ باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىشىگە شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە شارائىت سەۋەب بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە چېرچىلنىڭ سايلامدا باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىشى پۈتۈنلەي ئەنگلىيىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ئىدى. چېرچىل ھاكىمىيەت بېشىغا چىقاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. بۇنى ۋەزىرلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ بەردى. ئۆزى بولسا ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى تاشقى ئىشلارغا سەرپ ئەتتى. چېرچىل ھۆكۈمىتى بىر مەزگىل «ئەمەلىي كۈچ سىياسىتى»نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولۇش ئارقىلىق بۇرۇنقى برىتانىيىنىڭ ھەيۋىسىنى جانلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. 1957 ـ يىلى

5 ـ ئايدا ئەنگلىيە ياسىغان تۇنجى ۋودورود بومبىسىنى سىناق قىلدى. لېكىن، بۇ چاغدا دۇنيادا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. خەلق تىنچلىقنى، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەگەر يادرو ئۇرۇشى پارتلايدىغان بولسا، يادرو ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان ئەنگلىيە ئالدى بىلەن يوقىلىپ، «سوتسىيالىزمنى ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىش»تىن ھەرگىز سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. 3 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ نەتىجىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى، ھەتتا ئۇلارنىمۇ قوشۇپ گۇمران قىلىۋېتىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، چېرچىل بۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنى ئۆزگەرتتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن «تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش»نى ئۈمىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەينى يىللىرى ئۇ تەرغىب قىلغان «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» بەربات بولدى.

1953 ـ يىلى 6 ـ ئايدا چېرچىل سەكتە بولۇپ، بەدىنىنىڭ سول تەرىپى پالەچ بولۇپ قالدى، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى خۇددى شامالدا قالغان شامدەك پىلدىرلاپ قالغانىدى. ئەمما، مۇستەھكەم جاسارىتى ھەم ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئىرادىسى تۈپەيلىدىنلا قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ نۆۋەت پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان چېرچىلنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالدى. دوختۇرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشى ۋە دوستلىرىنىڭ روھىي جەھەتتە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا چېرچىلنىڭ تېنىدە يەنە بىر قېتىم مۆجىزە كۆرۈلدى. ئۇ ئاخىر دوختۇرنى ئەنسىرەتكەن ئۆلۈم كارىۋىتىدىن تۇردى ھەمدە سالامەتلىكىمۇ كىشى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى. شۇنداق قىلىپ، 10 ـ ئايدا يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسىنىڭ يىللىق يىغىنىغا قاتناشتى. يىللار رەھىمسىز، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېغىر كېسەللىكنى سەللىمازا ساقايتىلى بولمايدۇ ـ دە.

1955 ـ يىلى 1 ـ ئايدا 81 ياشقا كىرىپ قالغان چېرچىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش قارارىغا كەلدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت II دوۋنىنگ كوچىسى 10 ـ نومۇرلۇق قورۇدىكى باش ۋەزىر سارىيىغا بېرىپ چېرچىلنى يوقلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئايال پادىشاھقا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چۈشلۈك زىياپەتتە ئېلىزابېت II چېرچىلغا كىنەزلىك ئۇنۋانى بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەنگلىيىنىڭ يېقىنقى يۈز يىللىق تارىخىدا كىنەزلىك ئۇنۋانى بىرەرگىمۇ بېرىلىپ باقمىغانىدى. چېرچىل پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى ئۆزرە قويۇپ رەت قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ساقلاپ قالدىغانلىقىنى ھەمدە تۆۋەن پالاتادا قېلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى. 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بارلىق رەسمىيەتلەر تولۇق بېجىرىلدى. ياشىنىپ قالغان باش ۋەزىر مۈكچەيگەن، قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا باش ۋەزىر سارىيى — دوۋنىنگ كوچىسى 10 ـ نومۇرلۇق قورۇدىن ئايرىلدى، ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئاما سىگارت چىشلىۋالغان چېرچىلنىڭ ياخشى كۆرىدىغان «روفشا» ئىسىملىك ئىتى بىلەن ماشىنىغا چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۆپچىلىككە تونۇش بولغان قول ئىشارىسى، يەنى ئۇڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن غەلىبە سىمۋولىنى بىلدۈرىدىغان لاتىن ھەرىپى «V» نى ئىشارەت قىلىپ، كۆپچىلىككە سالام بەردى.

## 3. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا

چېرچىلنىڭ پۈتكۈل سىياسىي ھاياتى باشتىن ـ ئاخىر جىددىيچىلىك ۋە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۇ تاكى ياشىنىپ قالغان چاغلىرىغىچە ئالدىراشچىلىقتىن قالمىدى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن بۇ نۇقتىنى سورىغاندا، ئۇ: «مەن دادامغا

قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيمەن، شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ دادامنىڭكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈشۈم كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ ئالدىراشلىقى مانا مۇشۇنداق سەۋەبتىن شەكىللىنىپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە، چېرچىلنىڭ ئۆمرى دادىسىنىڭكىدىن توپتوغرا بىر ھەسسە ئۇزۇن بولدى. چېرچىل 90 ياشقا كىرگەندە ئامېرىكا گېزىتى مۇنداق دەپ يازدى: «ئەنگلىيە چېرچىلنى دۆلەتنىڭ شانلىق تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر قاتارىغا كىرگۈزدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ھايات، دىزراز ۋىنستون يەنە بۇرۇنقىدەكلا ۋاقىت ۋە ھاياتقا ئۇرۇش ئېلان قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى بىر كىنو شىركىتى چېرچىلنىڭ دەپنە مۇراسىمى توغرىسىدىكى ھۆججەتلىك فىلىمنى سۈرەتكە ئالماقچى بولغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، شۇ گۇرۇپپىنىڭ ئۈچ نەپەر كىنو ئوپېراتورى ئالەمدىن ئۆتتى.» دېمىسىمۇ، چېرچىلنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى بىر تېپىشماققا ئوخشاپ كېتەتتى.

چېرچىل ھاراققا بەك ئامراق ئىدى. يەنە كېلىپ، مەززىلىك تاماقلارنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم زىياپەتتە مارشال مونتگومېر تەكەببۇرلۇق بىلەن: «مەن تاماكا، ھاراققا بېرىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، %100 زېھنىي كۈچكە ئىگە بولدۇم» دېدى. چېرچىل دەرھاللا: «مەن ھاراق، تاماكىغا قاتتىق بېرىلگەنلىكىم ئۈچۈن مەندە %200 زېھنىي كۈچ بار» دەپ جاۋاب بەردى. كىشىلەر چېرچىلنىڭ سىگارتنى بىردەممۇ يېنىدىن ئايرىماي چېكىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوماق كىچىك قىزى: «دادا، سىز تاماكىنى نېمانداق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ چېكىۋېرىسىز؟» دەپ سورىغاندا، چېرچىل «قىزىم، بۇنداق قىلسام سەرەڭگە تېجەپ قالىمەن ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، چېرچىل سىگارتنى چىشلىۋېلىپ توختىماي پۈركىرىتىپ ئىس چىقارغىنىنى بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەلىيەتتە تاماكا ئىسنى ئىچىگە بەكلا ئاز سۇمۇرىدىكەن.
چېرچىل ئۆزىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ:
«ئەگەر ئولتۇرىدىغان يەر بولسا، ھەرگىز ئۆرە تۇرمايمەن؛ يېتىش ئىمكانىيىتىم بولسا، ھەرگىز ئولتۇرمايمەن» دېگەن. ئۇ چۈشلۈك ئۇيقۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ قارىشىچە، چۈشلۈك ئۇيقۇ خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەڭ ياخشى ئەلچىسى ئىدى.

1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرى چېرچىل ئىنتايىن ياخشى بىر ئادەتنى يېتىلدۈرگەن، يەنى چۈشتە بىشى ياستۇققا تەگكەن ھامان ئۇيقۇغا كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى جانغا ئارام بېرىدىغان بۇ ھۇزۇرنى قولدىن بېرىپ قويمىغان. ئۇ باشقىلارغا چۈشتە ئۇخلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەۋسىيە قىلغان، ئەمما ئۇنى دوراپ چۈشتە ئۇخلايدىغانلار ناھايىتى ئاز چىققان. پەقەت دېڭىز ئارمىيە شتاب باشلىقى ئادمىرال پوۋندا ئايلانما ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاشقا خۇمار بولۇپ قالغان، بەزىدە ھەتتا ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ئىچكى كابىنېت يىغىنلىرىدىمۇ قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتكەن.

1955 - يىلى چېرچىل سىياسىي ساھەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاخىرقى ئون يىللىق ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى چاتۋېل قورۇقىدا ئۆتكۈزدى. ئۇ پارلامېنتقا ناھايىتى ئاز بارىدىغان بولۇپ قالدى. تۇساتتىن بېرىپ قالغان كۈنلىرى گەپ قىلماي بىر بۇلۇڭدا جىم ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئەتراپىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى بىرەر مەسىلىدە كەسكىن تالاش - تارتىش قىلىشىپ كەتسىمۇ، چېرچىل خۇددى ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك ئولتۇراتتى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىسا ھېچنېمە دېمەيتتى. ئۇ بارلىق مەسىلىلەرگە ئاۋاز بېرىش ئۇچۇنلا يىغىنغا قاتنىشاتتى. بەس - مۇنازىرىگە ھەرگىز ئارىلاشمايتتى. ئۆمۈر بويى ئۇرۇش تەييارلىقى ئۇچۇن ئالدىراش ئۆتكەن، قان ھىدىلا پۇراپ تۇرغان تالاي جەڭ مەيدانلىرىنى كۆرگەن چېرچىل ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھايۋانلارنى بۆلەكچىلا

ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قورۇقىدا ئاۋستراليە قىتئەسىنىڭ قارا ئاق قۇسىنى باقتى، كۆلچەكتە ئاز ئۇچرايدىغان خىلمۇ خىل بېلىقلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈردى. خەقلەر بىلەن ئويىنىشىپ تىنمايدىغان شىر ئىتى «روخشا» چېرچىلنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ئىدى، ئۇنى ماشىنا بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندا، چېرچىلنىڭ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلغان، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئۇ يوغان بىر ئاق مۈشۈك باقتى. ئۇ دائىم مۈشۈك بىلەن بىللە تاماق يەيتتى. مۇبادا مۈشۈك يېنىدا بولمىسا، چېرچىلنىڭ ئىشتىهاسى تۇتۇلۇپ، روھى چۈشۈپ كېتەتتى. بەزى چاغلاردا ئامراق مۈشۈكى تاماق ۋاقتىدا بولماي قالسا، ئائىلىسىدىكىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە چىقىپ ئۇنى ئىزدەيتتى، ئامراق مۈشۈكى قايتىپ كەلگەندىلا، چېرچىل ئاندىن تاماق جوزىسىغا ئولتۇراتتى.

چېرچىل دەم ئېلىشقا چىقىدىغان چاغدا: «دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، مەن ئۈچۈن ئەڭ قىزىقارلىق ۋە خۇشاللىنارلىق ئىش كىتاب يېزىش ۋە رەسىم سىزىش بولىدۇ» دېگەنىدى. لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ دېگىنىنى قىلالمىدى. سىياسىي ئادەملەر ئۆز ئىشىدىن ئايرىلىپ قالسىلا، خۇددى بېلىق سۇدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بىر ئىش بولىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە چېرچىلنىڭمۇ قىزىقىش دائىرىسى بارا ـ بارا تارىيىپ كەتتى. ئىلگىرىكى كۆچلۈك بەيگە ھەۋەسكارى ئەمدى تېلېۋىزوردىنلا باشقىلارنىڭ بەيگە مۇسابىقىسىنى كۆرىدىغان بولدى. ئۇ بۇ كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، كىنو كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى. ھەرقايسى كىنو شىركەتلىرى پېنسىيىگە چىققان بۇ «ئابرۇيلۇق سىياسىيون»نى ھەر خىل فىلىملەر بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چاتۇېل قورۇقىدىكى كىنو ئۆيىدە تالاي كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى ئۆتكۈزدى.

چېرچىل 90 ياشلارغا كىرىپ قالغاندىمۇ ئابرۇيى ئەينى

www.uyghurkitap.com

يىللاردىكىدەك يۇقىرى بولدى. فرانسىيە زۇڭتۇڭى دې گول ئۇنىڭغا «ئازادلىق مېدالى» بەردى. 1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئامېرىكا پارلامېنتى مەخسۇس قارار ماقۇللاپ: «ۋىنستون چېرچىل ئامېرىكىنىڭ پەخرىي پۇقراسى، دەپ تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى. چېرچىل شۇ مەزگىللىرى جون كېننېدىنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن يۇكسەك ئوبرازغا ئىگە ئىدى. كېننېدى ئۆسمۈر چاغلىرىدىن تارتىپلا چېرچىلنىڭ ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ، «مالبورو تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابىنى ئىنتايىن سۆيۈپ ئوقۇغانىدى. ئۇ چېرچىلنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزلىرىنى دوراپ ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ: «دۇنيانىڭ پۈتكۈل تارىخى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن، ئۇ بولسىمۇ كۈچلۈك مىللەتتە ھەمىشە ھەقىقەت بولىۋەرمەيدۇ. ھەقىقەت بولغان مىللەت كۆپ ھاللاردا ئۇنچىلىك كۈچلۈك بولۇپمۇ كەتمەيدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى تەكرارلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئامېرىكىنىڭ بۇ زۇڭتۇڭى ھەتتا تۇرمۇش ئادىتىدىمۇ چېرچىلنى دوراپ، ھەر كۈنى چۈشتە كېچىلىك كىيىمىنى كىيىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ بىرەر سائەتتەك ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ چېرچىلدىن تىرىشىپ ئۆگىنىشى ئەمەلىيەتتە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا چېرچىلدىن ئېشىپ كېتىش ئۈچۈن ئىدى.

چېرچىلنىڭ ئۆمرىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشىنى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان ئىككى نەپەر ئايالنىڭ ئۈن ـ تىنسىز قوشقان تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ ئاياللارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئاپىسى، يەنە بىرى، ئۆمۈرلۈك خوتۇنى. ئاپىسى ئۇنى يۆلەپ جەڭ ئېتىغا مىنگۈزۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي مۇنبەرگە چىقىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. خوتۇنى كلېمېنتىنا بولسا چېرچىل بىلەن 56 يىلنى خۇددى يېقىن دوستلاردەك كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. دېمىسىمۇ، چېرچىل: «مەن 1908 ـ يىلى 9 ـ ئايدا توي قىلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مېنىڭ بەختلىك تۇرمۇشۇم باشلاندى»

دېگەندى. كلېمېنتىنا مېھرىبان، ئەقىللىق بولغاچقا، چېرچىلنىڭ غەلىتە مىجەزىدىن قوسۇر ئىزدىمەي، ئاغرىنماي، ھەدەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، بىلىندۇرمەستىن ئاستا ـ ئاستا تەسىر كۆرسىتىپ كەمچىلىكىنى ئۆزگەرتتى. مەيلى چېرچىل مۇۋەپپەقىيەت قازانسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، كلېمېنتىنا ئېرىگە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىدىن قىلچە تەۋرەنمىدى ھەمدە جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولدى. ئۇ ئېرىنىڭ دۆلەت يولىدا جان پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشىنى قوللىدى، ئۆزى يالغۇز جاپا تارتسىمۇ، ئەمما قىلچە زارلانماي پۈتۈن بىر ئائىلىنى باشقۇرۇپ كەلدى. چوڭ ئىشلاردىمۇ ئېرىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بولدى، رىقابەت سايلىمى مەزگىللىرى ئۇ تالاي قېتىم ئېرىنى قوللاپ نۇتۇق سۆزلىدى.

چېرچىل 87 ياشقا كىرگەن يىلى ئامېرىكىدا دەم ئېلىۋاتقان كۈنلىرى بەختكە قارشى يىقىلىپ كېتىپ، يانپاش سۆڭىكى سۇنۇپ كەتتى، ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىپ، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە دوختۇرخانىدا ياتتى. چېرچىل ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر يارىلانغاندىن كېيىن، سالامەتلىكى يەنىلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى چەكسىزدەك بىلىنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆمرى ئاخىرلىشاي دەپ قالغانىدى.

1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋىنستون چېرچىل لوندون شەھىرىنىڭ خايدې باغچىسىغا يېقىن تۇرالغۇسىدا دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. شۇ يىلى ئۇ 90 ياشتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى بازىرى
www.uyghurkitap.com

# چېرچىل يىلنامىسى

1874 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇغۇلغان.

1881 ـ يىلى ئاسكۇت ئاقسۆڭەك پەرزەنتلەر مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

1893 ـ يىلى ساندفۇرست ھەربىي مەكتىپىگە كىرگەن.

1895 ـ يىلى پولكوۋنىك براباژون قوماندانلىقىدىكى 4 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان.

1898 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ سۇداندىكى ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ 21 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ ئاديۇ- تانتلىقىغا ئەۋەتىلگەن.

1908 ـ يىلى ئەنگلىيە سودا ۋەزىرى بولغان.

1911 ـ يىلى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىرى بولغان.

1921 ـ يىلى مۇستەملىكە ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ۋە- زىرلىكىگە يۆتكەلگەن.

1940 ـ يىلى چېمبىرلىن ھۆكۈمىتى تەختتىن چۈشكەن. پادىشاھ چېرچىلنىڭ ھۆكۈمەت تەشكىللىشىگە ھوقۇق بەرگەن. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چېرچىل تۆۋەن پالاتادا ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش نۇتقى سۆزلەپ، ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرلىكىنى ئۈستىگە ئالغان.

1945 ـ يىلى چېرچىل خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشنى ئوت ـ تتۇرىغا قويغان ھەمدە ئۆتكۈنچى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن.

1951 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چېرچىل 2 ـ قېتىم ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان.

1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

[General Information]
书名=英国中坚—丘吉尔 维吾尔文
SS号=40256058